نەسىھەتلەر گۈلىستانى

# ئورۇنسىز كۈلۈمسىرەش ساراڭلىقتۇر

(قابۇسنامە)



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

كلاسسىكلار گۈلىستانى

# ئورۇنسىز كۈلۈمسىرەش ساراڭلىقتۇر

(قابۇسنامە)

پىلانلىغۇچى: مۇرات ئېلى
باش تۈزگۈچى: ئادىل مۇھەممەت
تۈزگۈچى: بىلقىز مۇھەممەت

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتابلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورىكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# تۇزگۇچىدىن

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر كلاسسىكلارنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلەت، تەلىم ـ تەربىيىنى ئاساسىي مەقسەت قىلىپ يازغان ئەسەرلىرى زامانىنىڭ ئۆتۈشى، كىشىلەر ئاڭ سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشى بىلەن يەنىمۇ ئۆز قىممىتىنى نامايان قىلىپ كەلمەكتە. ئۇلاردا ئالغا سۈرۈلگەن ئىلغار ئىدىيىلەر، ئەخلاقىي دەۋەتلەر قەدىمكى دەۋردىلا ئەمەس، بەلكى بۈگۈنكى دەۋردىمۇ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە بەلگىلىك رول ئوينىماقتا. بىز دەۋر قەدىمگە ماسلىشىش، تارىختا ئۆتكەن مۇتەپەككۇرلارنىڭ ھاياتىي پائالىيىتى ۋە ئىجادىي ئەمگەكلىرى ئارقىلىق ئەۋلادلارنىڭ مەنىۋى جەھەتتىن يۈكسىلىشىگە ئىلھام بېرىش مەقسىتىدە، كلاسسىكلار قەلىمىگە مەنسۇپ بولغان ئەسەرلەر ئىچىدىن دىداكتىك مەزمۇن ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغانلىرىنى تاللاپ «كلاسسىكلار گۈلىستانى» ناملىق بۇ مەجمۇئەنى تۈزدۇق. دىققىتىڭىزگە سۇنۇلۇۋاتقان «ئورۇنسىز كۈلۈمسىرەش ساراڭلىقتۇر» دېگەن كىتابتا بۈيۈك تەربىيەت ئۇستازى شەمسۇلمائالى قابۇس (1021 – 1101) نىڭ «قابۇسنامە» ناملىق ئەسىرىدىكى تەربىيەتلىك مەزمۇنلار ئۆزگىچە ئۇسلۇبتا بايان قىلىندى.

# ئەخلاق - پەزىلەت دەستۇرى — «قابۇسنامە» توغرىسىدا[1]

**1. « قابۇسنامە» مۇئەللىپىنىڭ ھاياتىدىن قىسقىچە مەلۇمات**

«قابۇسنامە» مۇئەللىپىنىڭ تولۇق ئىسمى ئەمىر شەمسۇلمائالى كەيكاۋۇس بىن ئىسكەندەر بىن قابۇس بىن ۋەشمىگىر ئىبنى جۇرجان. ئۇنىڭ تولۇق ئىسمىدىكى جۇرجان ئەڭ چوڭ بوۋىسىنىڭ ئىسمى، چوڭ بوۋىسى جۇرجان خانلىقىنىڭ تۇنجى شاھى. ۋەشمىگىر ئىككىنچى بوۋىسىنىڭ ئىسمى، ئىككىنچى بوۋىسى جۇرجان خانلىقىنىڭ ئىككىنچى شاھى (مىلادىيە 935 — 967 - يىللىرى سەلتەنەت سۈرگەن)، قابۇس ئۈچىنچى بوۋىسى (دادىسىنىڭ ئاتىسى) نىڭ ئىسمى، دادىسى جۇرجان خانلىقىنىڭ تۆتىنچى شاھى (مىلادىيە 976 — 1012 - يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان)، ئىسكەندەر ئۇنىڭ دادىسىنىڭ نامى، جۇرجان خانلىقىنىڭ شاھزادىسى، شەمسۇلمائالى كەيكاۋۇس ئۇنىڭ ئۆز ئىسمى، ئەمىر ئۇنىڭغا بېرىلگەن ئەمەل - ئۇنۋان نامى، ئۇ جۇرجان خانلىقىنىڭ شاھزادىسى.

[1] شېرىن قۇربان ماقالىسى: «بۇلاق» ژۇرنىلىدىن ئېلىندى.

دۇنيادا ئۇ ئادەتتە شەمسۇلمائالى نامى بىلەن مەشھۇردۇر. مۇئەللىپ 1021 ـ يىلى تۇغۇلغان. ئىران ئالىمى سەئىد نەسەفىنىڭ دەلىللىشىچە، شەمسۇلمائالى 80 يېشىدا، يەنى مىلادىيە 1101 ـ يىلى ۋاپات بولغان، شەمسۇلمائالى خان جەمەتى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ نەسەب ـ پۇشتى سامانىيلار خاندانلىقىنىڭ شاھ جەمەتى بىلەن ئالاقىدار، تارىخي كىتابلاردا كۆرسىتىلىشىچە، شەمسۇلمائالى شاھلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن خېلى ئۇزاققىچە سەلتەنەت سۈرگەن، ئەلەم بىلەن قەلەمدە داڭق چىقارغان، شۇڭا ئۇنىڭ شان ـشۆھرىتى يېقىن ـ يىراق ئەللەرگە تارىلىپ، تىللاردا داستان بولغان، ئۇ زاماندا شلىرى ۋە قوشنا مەملىكەت پادىشاھلىرى ئارىسىدا ئۆزىنىڭ دانالىقى، ئالىملىقى، سېخىيلىقى، خەلقپەرۋەرلىكى، خەيرخاھلىقى، لەشكىرىي ئىشلاردىكى پاراسىتى بىلەن نامايان بولغان. ئۇنىڭ ناتىقلىق، مەنتىق ئىلمى بويىچە «كامالۇل بەلاغەت» ناملىق كىتابى بار. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاخىرقى ئۆمرىنى سۆيۈملۈك يالغۇز پەرزەنتى گىلانشاھنى تەربىيلەش مەقسىتىدە كىتاب يېزىش بىلەن ئۆتكۈزدى. بۇ كىتاب مۇھاكىمە تېمىسىز بولغان « قابۇسنامە » دەستۇرىدۇر. بۇ دىداكتىك ئەسەر ئالىمنىڭ تەسەۋۋۇرىدىن زور دەرىجىدە ھالقىپ، ئۇنىڭغا ئالەمشۇمۇل شۆھرەت ئېلىپ كەلگەن. كىتاب جاھاندا « ئەخلاق ـ پەزىلەت دەستۇرى» نامى بىلەن ئاتىلىپ، دۇنيادىكى مەشھۇر ئەسەرلەر قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ كەلمەكتە. « ئۇ يەنە يۈكسەك ماھارەتلىك خەتتات ئىدى، ئۇنىڭ قەلىمى بىلەن يازغان

ئەسىرى ياكى بىرەر مەكتۇبى بىرەر مەملىكەتكە يېتىپ بارسا، ئۇنى كۆرگەنلەر ئەجەبلىنىپ: ‹بۇ خەت قابۇسنىڭ خېتىمۇ ياكى تورنىڭ گۈللەپ تۇرغان پەيلىرىمۇ؟› دېيىشەتتى.»

## 2. ئاپتور ياشىغان زامان ۋە ماكاندىن ئۇچۇر

شەمسۇلمائالى خان جەمەتى دەۋر سۈرگەن جۇرجان خانلىقى (1982 – 1042 - يىللار) نىڭ ھۆكۈمرانلىق دائىرىسى ھازىرقى ئىراننىڭ ئوتتۇرا ۋە شىمالىي قىسمىنى، يەنى كىران، مازاندىران، خوزىستان، فارس، كىرمەن، ئىسپاھان قاتارلىق ئۆلكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. خانلىق سەلتەنەت 114 يىل (928 - يىلدىن 1042 - يىلغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) داۋام قىلغان. خاندانلىقنىڭ شەرقىي شىمالىي يۆنىلىشىدە سامانىيلار خانلىقى (892 – 999 - يىللار ھۆكۈم سۈرگەن)، جەنۇبىي ۋە غەربىي جەنۇبىدا بۇيىھ خانلىقى (938 – 1056 - يىللار ھۆكۈمرانلىق قىلغان) بار ئىدى. بۇ ئۈچ خاندانلىق بىر مەھەل ئۆزئارا تىركىشىپ، ئۇرۇش - غەلىيان قىلىشىپ، بىر - بىرىنىڭ زېمىنىغا لەشكەر تارتىشقان. بىر قېتىملىق جەڭدە شەمسۇلمائالىنىڭ بوۋىسى قابۇس بۇيىھ خانلىقىنىڭ قاتتىق ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، تەختىدىن ئايرىلىپ، ياقا يۇرتتا سەرگەردان بولۇپ، 18 يىل خورلۇق ئىچىدە ياشىغان. ئاخىرىدا كۈچ توپلاپ يۇرتىغا قايتىدىن بېرىپ، شاھلىق تەختىنى قايتۇرۇۋالغان.

قابۇس بىر تەرەپتىن تەڭداشسىز ئىقتىدارغا ۋە ناھايىتى مول بىلىمگە ئىگە مەشھۇر شەخس ئىدى. ئۇ ئالىم، پەيلاسوپ،

مۇتەپەككۇر، ئەدىب ۋە خەتتاتلارنى ئۆز ئوردىسىغا يىغقانىدى. ئاتاقلىق ئالىم ئىبىن سىنا ۋە ئەبۇ رەيھان بىرۇنىمۇ ئۇنىڭ ئوردىسىدا بىر مەزگىل تۇرغانىدى. شاھ بىر تەرەپتىن زالىم ۋە ھەسەتخور بولۇپ، نۇرغۇن كىشىلەرنى ناھەق جازالاپ، ئۆزىگە كۆپ دۈشمەن ـ رەقىبلەرنى تاپقانىدى. شۇڭا شاھزادە فاراك دادىسىنىڭ كۈشكۈرتۈشى بىلەن شاھ دادىسىنى ئۆلتۈرۈپ، پادىشاھ بولغانىدى. مۇشۇنداق ئىچكى ـ تاشقى داۋالغۇش ئىچىدە، مىلادىيىنىڭ 1021 ـ يىلى شەمسۇلمائالى يورۇق دۇنياغا كۆز ئېچىپ كەلدى. شەمسۇلمائالىنىڭ دادىسى ئىسكەندەر ئوردىدا سىياسىي ئۆزگىرىش بولغانلىق سەۋەبىدىن پادىشاھ بولۇش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قالغان. لېكىن ئۇ بۇ سىياسىي كۈرەشلەردىن نېرى تۇرۇپ، بارلىق زېھنىن كۈچىنى ئوغلى شەمسۇلمائالىنى تەربىيىلەشكە قاراتقانىدى. ئىسكەندەر شاھزادە بىقىياس پەم ـ پاراسەتلىك ۋە ئىززەت ـ ئابرۇيلۇق كىشى بولغاچقا، ئوغلى شەمسۇلمائالىغا ئىلاھىيەت، دىن، ئىلمىي نۇجۇم (ئاسترونومىيە)، ماتېماتىكا، تارىخ، تىل ـ ئەدەبىيات، پەلسەپە قاتارلىق پەنلەردىن ئىلىم تەھسىل قىلىپلا قالماستىن، يەنى ئۇنىڭغا لەشكىري ئىلىم، ئات مەشقى، ئوقيا ئېتىش، چېلىشىش، مۇشتلىشىش، ئۈزچىلىق، سۇ ئۈزۈش قاتارلىق جىسمانىي ھەرىكەت تەربىيىسىنىمۇ ئەتراپلىق ئېلىپ بارغان. بۇلار ئۇنىڭ كېيىنكى چاغلاردا ئەلەمدىمۇ، قەلەمدىمۇ يېتىشىپ چىقىشىدا ھەل قىلغۇچ رول ئويناپلا قالماستىن، يەنە دۇنياۋى ئەسەر «قابۇسنامە» نى يېزىشىغىمۇ مۇھىم ماددىي ۋە مەنىۋى

ئاساس يارىتىپ بەرگەن.

شەمسۇلمائالى تازا بالاغەتكە يېتىۋاتقان چاغلاردا ئۇنىڭ يۇرتىدا يەنە زور ئۆزگىرىش يۈز بەردى؛ غەزنەۋىلەر خانلىقى بىلەن سەلجۇقلار خانلىقى ئارقا - ئارقىدىن تارىخ سەھنىسىگە چىقىپ رول ئالدى. غەزنەۋىلەر سۇلالىسىنى تۈركلەر مىلادىيىنىڭ 962 - يىللىرى ئافغانىستاندا قۇرغان. مەھمۇد سۇلتان دەۋرى ( 998 - 1030 - يىللىرى ھۆكۈم سۈرگەن) غەزنەۋىلەرنىڭ ئەڭ گۈللەنگەن دەۋرى ھېسابلىنىدۇ. سەلجۇقىيلار سۇلالىسىنىمۇ تۈركلەر قۇرغان. تەخمىنەن مىلادىيىنىڭ 1000 - يىللىرى تۈركلەر ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شىمالىي يايلاقلىرىدىن سىر دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىغا كېلىپ ماكانلاشتى ھەم بۇ يەردە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدى. ئۇلار دەسلەپتە ئۆزلىرىنىڭ سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىگە قارايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن مەھمۇد سۇلتان ۋاپاتىدىن كېيىن، تەخمىنەن مىلادىيىنىڭ 1037 - يىلى خوراساندىكى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قوللىشى بىلەن غەزنەۋىلەر سۇلالىسى سۇلتان مەسئۇدنى مەغلۇپ قىلىپ، ھۆكۈمرانلىق دائىرىسىنى كېڭەيتكەن ھەمدە 1042 - يىلى جۇرجان خانلىقىنى يۇتۇۋالغان. بۇ خىل ۋەزىيەت ئەمدىلا 21 ياشقا كىرگەن شەمسۇلمائالىغا زىنھار پايدىسىز بولۇپ، ئۇنىڭ شاھلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلىش يولىنى ئېتىۋەتكەن. شەمسۇلمائالى ئەمدىلىكتە بولسا تۆۋەن قاتلامغا چۈشۈپ، تىجارەتچى - سودىگەر، دېھقان - چارۋىچىلار، قول ھۈنەرۋەنلەر ۋە جەمئىيەتتىكى باشقا ھەرخىل تەبىقىلەر بىلەن

ئۇچرىشىپ، ئۇلارنى چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغان. ئۇ مۇشۇ مەزگىللەردە ئوردا شەھىرى غەزنەگە بىرىپ سەككىز يىلدەك تۇرغان ھەم ئۇ يەردە مەھمۇد سۇلتاننىڭ تەڭداشسىز زىبا مەلىكىسى بىلەن توي قىلغان. غەزنەۋىلەر خانلىقى سەلجۇق تۈركلىرى تەرىپىدىن يوقىتىلغاندىن كېيىن، شەمسۇلمائالى ھىندىستانغا بارغان. بىر مەھەل سەلجۇقىيلار ئوردىسىدا تۇرغان. كېيىنكى چاغلاردا ئۇ شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسى بىلەن جەڭ قىلغان، گەنج شەھرىدە شاھ ئوردىسىدا تۇرۇپ، يۇقىرى قاتلام كىشىلەر بىلەن ئارىلاشقان. بۇ خىل رەڭگارەڭ قىسمەت ـ سەرگۈزەشتىلەر ئۇنىڭ كېيىنكى چاغلاردا ئەلنى ئىدارە قىلىش، لەشكىرىي ئىشلارنى باشقۇرۇشىنى مول تەجرىبىلەر بىلەن تەمىنلىگەن.

شەمسۇلمائالى ۋە ئۇنىڭ ئاتىسى ئىسكەندەر ئىران تارىخىدا زادى پادىشاھ بولغانمۇ ـ يوق؟ بۇ توغرىسىدا خىلمۇ خىل قاراشلار بار. ئاتاقلىق ئىران تارىخچىسى سەئىد نەسەفىنىڭ «قابۇسنامە» (مەزكۇر كىتاب 1968 ـ يىلى تېھراندا نەشر قىلىنغاندا، سەئىد نەسەفى ئۇنىڭغا ئۆزۈن بىر مۇقەددىمە يېزىپ بەرگەن.) غا يېزىپ بەرگەن مۇقەددىمىسىدە ئېيتىلىشىچە، ئۇ ئاتا ـ بالا ئىككىسى پادىشاھ بولمىغان.

يەنە بەزى ئالىملارنىڭ دەلىللىشىچە، شەمسۇلمائالى ۋە دادىسى ئۆمرىلىرىنىڭ ئاخىرىدا دائىرىسى ئانچە چوڭ بولمىغان تاغلىق خىلۋەت يەرلەردە شاھ بولغان. مۇشۇنداق بولغاچقىلا، ئۇلار « ئەمىر» نامىغا ئېرىشكەن. ئۇنداق بولمىغاندا، ئۇلار بۇ نامغا زادىلا ئېرىشەلمەيتتى. بۇ خىل قاراشنى ئىران دوكتورى

www.uyghurkitap.com

ئەمىن ئابدۇللا مەجىد بەدەۋى ئۆزىنىڭ «قابۇسنامە، توغرىسىدا» دېگەن ئەسىرىدە ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ ئەسەر 1956 - يىلى تېھراندا نەشر قىلىنغان.

ئومۇمەن، ئەقىل - پاراسەتتە تەڭداشسىز، بىلىمدە مۆجىزە كامالەت تاپقان شەمسۇلمائالى داۋالغۇپ تۇرغان زامان ۋە ماكاندا ياشىغان. ئۇ تۇرمۇشنىڭ ئاچچىق - چۈچۈكىنى تېتىغان، مانا بۇلار « ئىسلام مەدەنىيىتى ئېنسىكلوپېدىيىسى» دەپ نام ئالغان «قابۇسنامە» نىڭ دۇنياغا كېلىشىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى.

### 3. «قابۇسنامە» نىڭ يېزىلىش سەۋەبى ۋە جەريانى توغرىسىدا

شەمسۇلمائالى ياشىنىپ قالغان چاغدا تەڭرى ئۇنىڭغا بىر ئوغۇل ئاتا قىلدى. ئۇنىڭ ئىسمى گىلانشاھ ئىدى. «قابۇسنامە» ئەنە شۇ گىلانشاھ ئۈچۈن ئاتاپ يېزىلغان.

« قابۇسنامە » ئوتتۇرا ئەسىر پارس - تاجىك «دەرى تىلى» دا يېزىلغان. ئاپتورى ئەمىر شەمسۇلمائالى كەيكاۋۇس بولۇپ، ئۇ بۇ ئەسەرنى ئۆز ئوغلى گىلانشاھقا ئاتاپ يازغان. بۇلار ناھايىتى ئېنىق تارىخقا ئىگە. لېكىن كىتابنىڭ نامى «قابۇسنامە» دىكى «قابۇس» سۆزى ناھايىتى تۇتۇقلۇققا ئىگە. شەمسۇلمائالىنىڭ تولۇق ئىسمىدا «قابۇس» دېگەن نام بار. لېكىن ئۇ ئۇنىڭ ئۈچىنچى بوۋىسىنىڭ ئىسمى. كىتابنى بىرىنچىدىن قابۇس يازمىغان، ئىككىنچىدىن قابۇسقا ئاتاپ يېزىلمىغان. ئۇنداقتا، كىتابنىڭ نامى نەدىن كەلگەن؟ ئۇنىڭ

ئېتمولوگىيسى نېمە؟ بۇ توغرۇلۇق تالاش ـ تارتىش مىڭ يىلدىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ. بەزى تەتقىقاتچىلار شەمسۇلمائالىنىڭ ئۆز نامىدا «كاۋۇس» ياكى «كەيكاۋۇس» سۆزى بار. مۇشۇ سۆزلەر «قابۇس» سۆزى بىلەن تەلەپپۇز ۋە ئىملادا ئارىلىشىپ قالغان سەۋەبلىك كىتاب نامى «قابۇسنامە» بولۇپ قالغان بولۇشى مۇمكىن، دەپ قاراپ كەلمەكتە. يەنە بەزىلەر نېمە ۋە قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، كىتاب «قابۇسنامە» نامى بىلەن ئەسىر ـ ئەسىرلەردىن بۇيان ئاتىلىپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ نامى ئۇنىڭغا ھېچقانداق تەسىر كۆرسەتكىنى يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە گەپ ئىسىمدا ئەمەس، بەلكى جىسىمدا. سەت قىزغا «گۈزەلنۇر» دەپ نام قويغان بىلەنمۇ، ئۇنىڭ سەتلىكى ئۆزگەرمەيدۇ ئەمەسمۇ، دەپ قاراپ، ئالىملارغا دىققەت ـ ئېتىبارنى «قابۇسنامە» نىڭ نامىغا ئەمەس، ماھىيىتىگە قارىتىشنى تەۋسىيە قىلىپ كەلمەكتە. سەئىد نەسەفى «قابۇسنامە» نىڭ مەزمۇنىدىن ئېيتقاندا، ئۇنى «نەسىھەتنامە» دېگەن ياخشى دەپ قارىغان. بىزنىڭچە، بۇنىڭمۇ ھېچقانداق ھاجىتى يوق. «قابۇسنامە» نى پارسچىدىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان جاڭ خۇي ئەپەندىمۇ ئۆزى يازغان كىرىش سۆزىدە سەئىد نەسەفىنىڭ تەشەببۇسىغا قوشۇلۇپ، تېخىمۇ ئاشۇرۇپ: «ئاپتور دوكتور سەئىد نەسەفىنىڭ كۆز قارىشىغا قوشۇلىدۇ ھەمدە شۇنداق قارايدۇكى، كىتابىنىڭ تەرجىمە نامىنى ‹نەسىھەتنامە› دىن ئېلىپ ‹قابۇستىكى پەند ـ نەسىھەتلەر› دەپ ئالساق توغرا بولىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن. بىزنىڭ قارىشىمىزچە، بۇنداق

قىلىش تېخىمۇ ھاجەتسىز. بىز ئاپتورغا ھۆرمەت قىلىشىمىز، مىڭ يىللىق تارىخقا ھۆرمەت قىلىشىمىز، لېنىننىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا، «تارىخىي تۆھپىلەرنى باھالاشتا، تارىخىي ئەربابلارنىڭ ھازىرقى تەلەپكە نىسبەتەن بېجىرەلمىگەن ئىشلىرىغا ئاساسلانماي، بەلكى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىدىن ئىلگىرىكى پېشۋالىرىغا نىسبەتەن ياراتقان يېڭىلىقلىرىغا ئاساسلىنىش لازىم.»

كىتابنىڭ يېزىلىشى سەۋەبى ۋە جەريانى توغرىسىدا خىلمۇخىل قىزىق ھېكايەتلەر، ھەرخىل كىتابتا ھەرقىسما بايانلار، تەسۋىرلەر ۋە سۆپەتلەشلەر بار. بىز بۇ يەردە نۇقتىلىق قىلىپ، ئاپتورنىڭ «قابۇسنامە» سىدىكى كىرىش سۆزىنى ئاساس قىلدۇق. چۈنكى، ئۇنىڭدىن ئاپتورنىڭ كىتابنى يېزىشتىكى نىيەت ـ ئىقبالى ۋە ئىستەك ـ ئارزۇسىنى بىر قەدەر ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ.

ئېيتىلىشىچە، مەزكۇر كىتابتىكى بايان خاتىرىلەرنىڭ ھەممىسى ئەمىر شەمسۇلمائالى كەيكاۋۇس بىن ئىسكەندەر بىن قابۇس بىن ۋەشمىگىر مىر ئەمىر جۇرجانى بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى گىلانشاھ ئوتتۇرىسىدىكى دىئالوگ ئىكەن.

ھېكايەت قىلىنىشىچە، ئۆز زامانىسىدىكى تەڭداشسىز ئوقۇمۇشلۇق ئالىم، پەيلاسوپ ، مۇتەپەككۇر، شائىر، ئەدىب، خەتتات، ئەلەم بىلەن قەلەمنى بىرلەشتۇرگەن ئۇلۇغ شەخس شەمسۇلمائالى كەيكاۋۇس ئۆز دۆلىتىگە ئۇزۇن يىللار ئەجىر سىڭدۇردى، تەڭرى ئۇنىڭغا ئۇزۇن ئۆمۈر بەردى، بىقىياس شانۇ شەۋكەت ئاتا قىلدى. لېكىن توققۇزى تەل ئادەم

بولمىغـىـنـىدەك، ئۇنىـڭمۇ پـەرزەنتى يـوق ئـىـدى. ئـۇ پـەرزەنت كۆرۈشكە تولىمۇ تەشـنا ئـىـدى. تـەقدىر ئۇنـىـڭ ھالىغا يـەتتى بولغاي، ئۇ قىرىغان چاغلىرىدا بىر ئوغۇل پەرزەنت كۆردى. ئۇ چەكسىـز شـادلىنىپ، ئوغلىغا گىلانشـاھ (ئىـغىـر ـ بىـسىـق پادىشاھ مەنىسىدە) دەپ ئات قويدى. «دەۋزە ئەز ئەۋەلى باھار» (تاجىك خەلق ماقال ـ تەمسىلى، مەنىسى ياخشى مايسا باش باھـاردىلا چـىـلىقىدۇ) دېگـەندەك، گىلانشـاھ ئـەقىللىق، پاراسـەتلىك ۋە ھوشـيار ـ سەزگـۈر چـوڭ بولـدى. بـىـر كۈنى شەمسـۇلمائالى ئوغلىنىـڭ يۈزىگـە ئۇزاققىچـە قـاراپ دىققـەت قىلـدى. گـەرچە چېھـرىدە بـىـر خـىـل ئـەقىل ـ پاراسـەت ۋە كامالەت ئالامـەتلىرىنىڭ بارلىقىنى بىلگەن بولسىمۇ، لېكىن ياشلىق ـــ يىگىتلىك غۇرۇرى بىلـەن مـەغرۇرلىنىپ، غەپلەت ئۇيقۇسـىـدا ئۇخـلاپ قـىـلىش ئېھتىمـاللىقىنىڭ يــوق ئەمەسـلىكىنى سـەزدى ـ دە، ئۇنـى قـانداق تەربىيىلـەش توغـرۇلۇق كـۆپ بـاش قـاتۇردى. ئـۇ ئويـلاپ ـ ئويـلاپ ئـاخىرى ئوغلىنى ئـۆزى بىۋاسـىتە تەربىيىلـەش قارارىغا كـەلدى. ئـەمما ئۇنىڭغا ئـۆز ئـۆمرىنىڭ يـار بەرمـەيدىغانلىقىنى بىلـدى. چۈنكى ئاقىل ـ دانا كىشىلەر ئەجەلنى ئۆزىدىن يىراق كۆرمـەيدۇ. ئۇ بىـر ئۇسـتاز ـ تـەربىيىچى تېپىشـنى ئويلىـدى ـ يـۇ، يـەنىلا خاتىرجەم بولالمىـدى. ئـاخىر ئـۇ قـەتئىي قارارغـا ـــ ئوغلىـنى ئۆزى بىۋاسـىتە تەربىيىلـەش نىيىتىگە كەلدى.

ئۇ ھـەر كۈنى ئـۆز ئوغلى بىلـەن ئالـەمدىكى كاتتـا ـ كاتتـا ئىشلاردىن تـارتىپ تـاكى تۇرمۇشـتىكى كىچىك ئىشلارغا قـەدەر سـۆھبەت ئـېلىپ بـاردى. كۈنلـەر، ئـايلار ۋە يىلـلار ئۆتمەكتـە

ئىدى. ئاخىرى تەلىم - تەربىيە دەستۇرى، ئەخلاق - پەزىلەت نىزامى، بىلىم خەزىنىسى دەپ ئاتالغان، شەمسۇلمائالىنىڭ مۇبارەك «قابۇسنامە» سى روياپقا چىقتى. ئۇنىڭ دۇنياغا كېلىشى خەلقنىڭ بەخت - سائادىتى ۋە ئامەت - تەلىيى.

«قابۇسنامە» نىڭ يېزىلىش ۋاقتى توغرۇلۇق ھەر خىل قاراشلار بار. ئىران دوكتورى سەئىد نەسەفى «قابۇسنامە» 1082 - يىلى، يەنى شەمسۇلمائالى 61 ياشقا كىرگەن يىلى يېزىلغان. ئۇنىڭ قارىشىچە ئاپتور 80 يىل ئۆمۈر كۆرگەن. 1101 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن. دۇنيادا ئادەتتە مۇشۇ خىل قاراش قوبۇل قىلىنغان. ئىراننىڭ يەنە بىر دوكتورى زابىھرا سافا ئۆزىنىڭ « ئىران ئەدەبىياتى تارىخى» ( 1957 - يىلى تېھران نەشرى ) دە « قابۇسنامە » ئاپتورىنى 1069 - يىلى ۋاپات بولغان، دەپ يازغان. بۇنداق بولغاندا شەمسۇلمائالىنىڭ ياشىغان ۋە « قابۇسنامە » نى يازغان ۋاقتى خېلىلا ئالدىغا سۈرۈلىدۇ. مەزكۇر كىتابنىڭ يېزىلىش جەريانىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان جۇرجان خانلىقى، سامانىيلار خانلىقى، بويىھ خانلىقى، غەزنەۋىلەر خانلىقى ، سەلجۇقىيلار خانلىقى قاتارلىق خانلىقلارنىڭ يىلنامىسىدىمۇ ئۆزگىرىش بولىدۇ.

### 4. « قابۇسنامە» نىڭ رامكا - قۇرۇلمىسى

كاتتا ئالىم، زەبەردەست يازغۇچى شەمسۇلمائالىنىڭ «قابۇسنامە» ئەسىرى ئوتتۇرا ئەسىر پارس ئەدەبىياتى تارىخىدىكى بىباھا نەسرىي ئەسەر، تەپەككۇر دۇردانىسى، دۇنيا مەدەنىيىتى تارىخىدىكى يۈكسەك ئابىدە ۋە ھېكمەت

خەزىنىسى.

پۈتۈن كىتاب بىر مۇقەددىمە ۋە 44 بابتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ھەربىر بابتا بىر ھېكايەت بايان قىلىنىپ، ھېكايەتنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا بىر ئىجتىمائىي مەسىلە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ۋە شۇ ئىجتىمائىي مەسىلە ھەققىدىكى پەلسەپىۋى قاراش شەرھلەنگەن. مۇقەددىمىدە كىتابنىڭ ئوبيېكتى ۋە مەقسىتى بايان قىلىنغان. 44 بابنىڭ مەزمۇنى ناھايىتى كەڭ چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق بولۇپ، ئاپتور ئىجتىمائىي، پەلسەپىۋى ۋە نەزەرىيىۋى مەسىلىلەرنى ئۆزىنىڭ دۇنيا قارىشى، مەۋقەسى، مەيدان ۋە تۇرمۇش تەجرىبىسى بويىچە تەرتىپلىك شەرھلىگەن. 44 باب ئەمەلىيەتتە تېپىك 44 تۈرلۈك مەسىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇلار كىتابنىڭ مۇندەرىجىسىدە بىر قەدەر ئېنىق كۆرسىتىلگەن.

## 5. «قابۇسنامە» نىڭ تېماتىك مەزمۇنى

«قابۇسنامە» چېتىشلىق مەزمۇن دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى، ئىدىيىۋىلىكىنىڭ تېرەنلىكى، لوگىكىچانلىقىنىڭ كۈچلۈكلىكى، بايان ئۇسلۇبىنىڭ خاسلىقى بىلەن پارس نەسرچىلىكىنىڭ ئۈلگىسى، نەمۇنىسى ۋە ئۆرنىكى ھېسابلىنىدۇ. پۈتۈن ئەسەرنىڭ تېماتىكىسىنى تۆۋەندىكى تۆت جەھەتتە ئومۇملاشتۇرۇشقا بولىدۇ: بىرىنچىدىن، بىلىم بابىدا باي، پەزىلەت بابىدا يۈكسەك بولۇشنى غايە قىلسا، غايە - ئېتىقادقا سادىق بولۇش، ئەمر - پەرمانلارنى بەجا كەلتۈرۈش، تىرىشىپ بىلىم ئېلىش، ئەھۋالغا قاراپ ئىش كۆرۈش

www.uyghurkitap.com

قاتارلىق ئىسىل ئادەتلەرنى يېتىلدۈرۈشى كېرەك. ئىككىنچىدىن، ھەربىر ئادەم ئائىلە ۋە جەمئىيەتتىكى ھەرقىسما، تۈرلۈك مۇناسىۋەتلەرنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىشنى نىيەت قىلسا، ئاتا - ئانىسىنى ھۆرمەتلەش، پەرزەنتلىرىنى ئىززەتلەش، ياشانغانلارغا غەمخورلۇق قىلىش، ئايالىغا ياخشى مۇئامىلە قىلىش، كەمسىزلىك - بىتابلىققا قارىتا قاتتىق - كەسكىن بولۇش، دوست - دۈشمەن، ھەق - ناھەق، ئاق - قارا، پاكلىق - ناپاكلىق، دىيانەت - خىيانەت، ياخشىلىق - يامانلىق، ھەققانىيلىك - رەزىللىك، جەننەت - دوزاخ قاتارلىقلارنى ئېنىق، روشەن ئايرىۋېلىشنى ئۆگىنىۋېلىشى كېرەك. ئۈچىنچىدىن، ھەربىر كىشى ئائىلە ۋە مال - دۇنيانى ئوبدان باشقۇرۇشنى نىيەت - ئىقبال قىلسا، شەخسىي تۇرمۇشنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇش، يېمەك - ئىچمەك، كۆڭۈل ئېچىش، يۇيۇنۇش - بېزەش، دەم ئېلىش، ئۇۋچىلىق ، تەنھەرىكەت قاتارلىقلارنىڭ قائىدە - تەرتىپىنى ئوبدان ئۆگىنىشى كېرەك. تۆتىنچىدىن، كىشى جەمئىيەتتە ئىززەت - ئىكرام ۋە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇشنى ئىستىسە، خىلمۇ خىل ماھارەت - ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش. مەسىلەن، ئاسترونومىيە، جۇغراپىيە، مال دوختۇرلۇق، قانۇنچىلىق، تىبابەتچىلىك، شېئىرىيەتچىلىك، ئەلنەغمە، تىجارەتچىلىك، تېرىقچىلىق، مالچىلىق كەسىپلىرىنى بىلىشى، يەنە ئۆزىدە مىرزىلىق، قازىلىق، ئەلەملىك، ئەلچىلىك، ۋەزىرلىك، لەشكەرچىلىك، ھەتتا گېزى كەلگەندە شاھ - پادىشاھلىق قىلالايدىغان قابىلىيەتنى يېتىلدۈرۈشى كېرەك.

«قابۇسنامە» قەدىمكى پارس جەمئىيىتىنىڭ بىر پۈتۈن كۆرۈنۈشىنى مۇپەسسەل كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئەينەك بولۇپ، ئۇنىڭدا چوڭقۇر ۋە دانا ئىدىيە، ئىلھامبەخش، سەمىمىي نەسىھەت، ئىخچام ۋە مەزمۇنلۇق تىل ئارقىلىق، بايان بىلەن مۇھاكىمە، ھېسسىيات بىلەن ئەقلىيەت، قىسقا ھېكايەت بىلەن تەمسىلات مەنتىقىلىق بىرلەشتۈرۈلۈپ، پارسلارنىڭ غايە ـ ئېتىقادى، ئەخلاق ـ پەزىلىتى، پەن ـ مەدەنىيىتى، ئىجتىمائىي ھايات مەنزىرىسى، ئىقتىسادىي تۇرمۇشى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرى، نەزەرىيە ـ پەلسەپىسى، تېبابەت تەرەققىياتى، نىكاھ ـ ئائىلە قاراشلىرى، لەشكىرىي ئىشلار، ئاسترونومىيە ۋە جۇغراپىيە ئىلىملىرى ناھايىتى تەپسىلىي ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئەسەر گەرچە پەند ـ نەسىھەت تۈسىنى ئالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئادەتتىكى ۋەز ئېيتىش بولماستىن، بەلكى مەزمۇنى چوڭقۇر، ھېسسىياتى سەمىمىي، قايىل قىلىش كۈچى زىيادە بولغان گۈزەل نەسرىي ئەسەر، ئۇنىڭدا پەلسەپىۋى قائىدىلەر، مۇھاكىمە بىلەن يەكۈن، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەت، رومانتىزم بىلەن رېئالىزم، ئەنئەنە بىلەن رېئاللىق، ھېكايەت سۆزلەش بىلەن بىرلەشتۈرۈش، مەسەل ۋە ئۇنىڭدىكى ھېكمەتلەر ئاجايىپ ماھىرلىق بىرلەشتۈرۈلگەن بولۇپ، ئوقۇغاندا ئادەمنى ئاجايىپ چوڭقۇر ئوي ـ خىيالغا، مەنىلىك قىياس ۋە تەسەۋۋۇرغا، كىشىنى پايانسىز تەپەككۇر دۇنياسىغا باشلاپ بارىدۇ.

### 6. «قابۇسنامە» نىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى

«قابۇسنامە» نىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكىنى تۆۋەندىكى

www.uyghurkitap.com

جەھەتلەردىن كۆرۈپلىشقا بولىدۇ:

بىرىنچىدىن، «قابۇسنامە» پەۋقۇلئاددە ئۇسلۇبقا ئىگە. ئۇستا ناتىق ۋە قەلەم ئىگىسى شەمسۇلمائالى ئۆز ئەسىرىدە گەپنى «ئەي ئوغۇل» دېگەن خىتاب بىلەن باشلايدۇ. ئۇنىڭ مۇنداق ئۇسلۇبتا مەرىپەت - نەسىھەت سۆزلىشىدە بىر تەرەپتىن بىۋاسىتە ئۆز ئوغلى گىلانشاھنى نەزەردە تۇتقان بولسا، ئومۇمىي نۇقتىدىن، ماكرو جەھەتتىن، پۈتۈن جەمئىيەت ئەۋلادلىرىنىمۇ خۇددى ئۆزىنىڭ پەرزەنتى ئورنىدا كۆرگەن. شۇڭا ئۇ مېھىر - شەپقەت ۋە كۆيۈمچانلىق بىلەن «ئەي ئوغۇل» دەپ سۆز باشلايدۇ. گېزى كەلگەچكە شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشنى لازىم تاپتۇقكى، پارس - تاجىك كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدا ئىككى بۈيۈك شەخس ئۆز ئوغلىغا ئاتاپ ئەسەر يازغان. بۇ ئەسەرلەرنىڭ بىرى، شەمسۇلمائالىنىڭ بۈيۈك نەسرىي ئەسىرى — «قابۇسنامە»، يەنە بىرى، 15 - ئەسىردە ياشىغان تاجىك مۇتەپەككۇر شائىرى، «ئەۋلىيا شائىر» دەپ سۈپەتلەنگەن نۇرىددىن ئابدۇراھمان جامى (1414 — 1492) نىڭ «باھارىستان» ناملىق نەسرىي ئەسىرى. بۇ ئىككى نەسر ۋە يەنە بىر تاجىك شائىرى ناسىر خىسراۋ (1004 — 1088) نىڭ بۈيۈك «سەپەرنامە» ناملىق نەسرى جاھان ئەدەبىيات ئەھلى ئارىسىدا: «نەسرچىلىكنىڭ يۇقىرى پەللىسى» دەپ تەرىپلىنىدۇ. «قابۇسنامە» ۋە «باھارىستان» ماھىيەتتە ئاپتورلارنىڭ قىياس - تەسەۋۋۇرىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ، جەمئىيەت تەربىيىسى دەستۇرى سۈپىتىدە «ھېكمەت

خەزىنىسى››، ‹‹ئەڭ ئېسىل تەپەككۇر جەۋھەرلىرى››، ‹‹بىلىم دېڭىزى›› دەرىجىسىگە بارغان.

ئىككىنچىدىن، ئەنئەنە بىلەن رېئاللىق ئەپچىللىك بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، مەركىزىي ئىدىيە يارقىن يورۇتۇپ بېرىلگەن.

‹‹قابۇسنامە›› 44 ھېكايەتتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ھەربىر ھېكايەت ئاتا ــ بالا دىئالوگى شەكلى ئارقىلىق بايان قىلىنىپ، بىرەر قائىدە ياكى بىر خىل ئىدىيە ئوتتۇرىغا قويۇلغان، بۇ خىل قائىدە ۋە ئىدىيىنى تېخىمۇ روشەنلەشتۈرۈش ۋە ئۇنىڭ ئەمەلىي قايىل قىلىش كۈچىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ھېكايەت ئارىلىقلىرىغا ئەقلىيەت سۆزلىرى، ھېكمەتلەر، شېئىر ـ مىسرالار، قىزىقارلىق مەسەللەر، ماقال ـ تەمسىللەرنى قوشۇپ، ھېكايەتنى تېخىمۇ رەڭدار، تېخىمۇ قىزىقارلىق قىلغان. ئۇنىڭدىن كېيىن ھەربىر ھېكايەتتىن يەكۈن چىقىرىلىپ، شۇ ئارقىلىق ئوغلىغا قانداق ئادەم بولۇش، قانداق ئىشلارنى قىلىش ھەققىدە تەربىيە بەرگەن، شۇ سەۋەبلىك، خۇددى يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ‹‹قابۇسنامە›› يەككە پەرزەنت تەربىيىلەش كاتېگورىيىسىدىن ئاللىقاچان ھالقىپ، كەڭ ئىجتىمائىي تۈس ئالغان ۋە پۈتكۈل جەمئىيەت ئەھلىنى تەربىيىلەشنىڭ مىزانى بولۇپ قالغان.

ئۈچىنچىدىن، ‹‹قابۇسنامە›› تىل سەنئىتى ۋە ماھارىتىنىڭ ئۆرنەكى ۋە نەمۇنىسى، پارس تىلى جاھاندا پاساھەتلىك شېكەر تىل دەپ سۈپەتلىنىدۇ. شەمسۇلمائالى ئۆز

www.uyghurkitap.com

«قابۇسنامە»، سىدا پارس تىلىدىن ئەڭ چىۋەرلىك بىلەن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭ لەززىتىنى جاھانغا نامايان قىلغان. «قابۇسنامە» يېزىلىۋاتقان دەۋردە ئەرەب تىلى تېخى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇراتتى. پارس - تاجىكلارنىڭ «دەرى تىلى» بولسا تەقىب ئاستىدا باش كۆتۈرۈۋاتاتتى. تىل ساھەسىدىكى كۈرەش تازا پەللىگە چىقىپ، ئاخىرقى نەتىجىسى قانداق بولىدىغانلىقى تېخى ئېنىق بولمىغان شارائىتتا، ساپ پارس - تاجىك تىلىدا ئىككى دۇنياۋى ئەسەر بارلىققا كەلدى. ئۇنىڭ بىرى، ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى ( 940 – 1020 ) نىڭ بۈيۈك «شاھنامە» ئېپوسى، يەنە بىرى شەمسۇلمائالىنىڭ «ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئېنسىكلوپېدىيىسى» دەپ نام ئالغان مەشھۇر دەستۇر «قابۇسنامە» ئەسىرى. ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، شەمسۇلمائالى «قابۇسنامە» دە ئەرەبچە سۆزلەرنى ئىنتايىن ئاز ئىشلەتكەن. ئۇ ئانا تىلىدىن ئەڭ ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، ئۇنىڭ پاساھىتىنى نامايان قىلغان. ئۇ «قابۇسنامە» نىڭ «شېئىر ۋە شائىرلىق ھەققىدە» دېگەن بابىدا ئېنىق قىلىپ مۇنداق بايان قىلغان: «... كېرەك بولمىغان يەردە ئەرەبچە ۋە قىيىن سۆزلەرنى كىرگۈزۈپ شېئىرىڭنى سوغۇق ۋە چۈشىنىكسىز قىلىپ قويما، لىرىك شېئىر ئېيتساڭ، ئاشىقلارنىڭ سۈپەت ۋە ھالىغا كۆرە لاتاپەتلىك (نازۇك مەزمۇندا) ئېيتقىن، شېئىردا گۈزەل، ياخشى مىساللارنى كەلتۈرگىن. ھەممە كىشىگە خۇش كۆرۈنسۇن، شېئىرىڭ شۆھرەت قازانسۇن. شېئىرنى ھەرگىز ئارۇزنىڭ ئېغىر ۋە تەبىئەتكە ياقماس ۋەزنىدە ئېيتما، ئېغىر ۋەزىنلىك

شېئىرنى كىشىلەر ئوقۇشنى خالىمايدۇ. نازۇك ـ ھوشيار تەبىئەتلىك شائىرلار ئېغىر ۋەزىنلىك شېئىر ئېيتمايدۇ. سەن شائىر ئىكەنسەن، ئارۇز ئىلمىنى ياخشى ئۆگىنىشىڭ كېرەك. شېئىر ئىلمىدە سەنئەتلىك بېيىتلارنى ۋە ئۇنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى ياخشى ئۆگەن.»

ئومۇمەن، بەدىئىي نۇقتىدىن ئالغاندا، «قابۇسنامە» دا سۆزىت ئورنىدا كېلىۋاتقان ھەربىر ھېكايەت كومپوزىتسىيە جەھەتتىن تولىمۇ قىسقا، پېرسوناژلىرى ئىنتايىن ئاز، ۋەقەلىكى بەھەيۋەت ۋە دەبدەبىلىك بولمىسىمۇ، ئەمما مەركىزىي ئىدىيە ناھايىتى روشەن، ھەق ـ ناھەق چۈشەنچىسى ئېنىق، بايان ئوبرازلىق، قىزىقارلىق، بەدىئىي ۋە چىن ـ سەمىمىي بولۇپ، ئادەم ئۇنىڭدىن ئېستېتىك زوق ۋە مەنىۋى تەربىيە ئالىدۇ. ئۇنىڭ مىڭ يىللار مابەينىدە ئۆز قەدىر ـ قىممىتىنى ساقلاپ كېلەلىشىنىڭ ھەقىقىي سىرىمۇ مانا مۇشۇ يەردە!

### 7. «قابۇسنامە» دىكى پارس شېئىرىيىتى ۋە ئارۇز

ئىران بەش مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە قەدىمكى مەدەنىي دۆلەت. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 5 ـ 6 ـ ئەسىرلەردىلا زەردۇشت دىنىنىڭ مەشھۇر دەستۇرى «ئاۋۇستا» داستانى بارلىققا كېلىپ، پارسلارنىڭ قەدىمكى زامان شېئىرىيىتىنى ئالەمگە نامايان قىلغان. مىلادىيە 10 ـ ئەسىردىن 16 ـ ئەسىرگە قەدەر بەش يۈز يىل ئىچىدە پارس شېئىرىيىتى سان ۋە سۈپەت جەھەتتە دۇنيادا ئالدىنقى قاتارغا ئۆتۈپ، ئوبۇلقاسىم

www.uyghurkitap.com

فىردەۋسى، نىزامى گەنجەۋى، شەيخ سەئدى، ھاپىز شىرازى، ئۆمەر ھەييام، جالالىدىن رۇمى، ئابدۇراھمان جامى، مۇھەممەد ئەنۋەرىدەك جاھانشۇمۇل شائىرلار بارلىققا كېلىپ، دۇنيا شېئىرىيىتىگە مىسلىسىز تەسىر كۆرسەتكەنىدى. ئېنىقلىنىشچە، بەش يۈز يىل ئىچىدە پارس شېئىرىيەت مۇنبىرىدە بىر مىڭ شائىر ئۆتكەن. خۇددى گيوتى ئۆزىنىڭ «شەرق ۋە غەرب دىۋانى» دا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىدەك، «پارسلار ئۆزلىرىنىڭ بەش يۈز يىللىق ئۇزاق تارىخى جەريانىدا مەيدانغا كەلگەن شائىر - يازغۇچىلار ئىچىدە يەتتىسى ئەڭ ئۇلۇغ دەپ قارالدى. بۇنىڭ راستلىقىدا مەسلە يوق. ئەمما جىڭ گەپنى ئېيتقاندا، ئۇلار تىلغا ئالمىغان شائىرلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمى مەندىن ئۈستۈن تۇرىدۇ.»، گيوتى يەنە قەدىمكى ئىراننى «شېئىرىيەت دۆلىتى»، «شائىرلار مۇلۇكى» دەپ تەسۋىرلىگەن:

شېئىرنى بىلمەكلىك بولسا گەر مەقسەت،
شېئىرىيەت ئېلىگە قىلغىن ساياھەت.
نىيىتىڭ گەر بولسا شائىرنى تاپماق،
شائىرلار مۇلكىدە شائىر بىغايەت.

شەمسۇلمائالىنىڭ « قابۇسنامە » سىگە نەزەر تاشلىساق، ئۇ قەدىمكى پارس شېئىرىيەت مەنزىرىسىنى كۆزئالدىمىزغا كەلتۈرۈپ، بىزنى نۇرغۇن ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەيدۇ. بىز «قابۇسنامە» نىڭ «شېئىر ۋە شائىرلىق ھەققىدە» دىگەن

سەھىپىسىگە نەزەر تاشلىدۇق: يىراق 11 ـ ئەسىردىلا پارس شېئىرىيىتىنىڭ شېئىرىيەت ئەندىزىسى، شېئىرىيەت نەزەرىيىسى ۋە شېئىرىيەت ئىجادىيىتى جەھەتتە دۇنيادا ئالدىنقى قاتاردا تۇرغانلىقىنى ھېس قىلالايمىز. «قابۇسنامە» دە شېئىرىيەت ماھارىتىنى يېتىلدۈرۈش كۆپ يەردە تىلغا ئېلىنىپ، شېئىر ئىجادىيىتىدە تەمسىل ـ ئوخشىتىش جانلىق بولۇش، سىلىشتۇرما روشەن بولۇش، تەكرالاش پاراللېل بولۇش، مەنىداش سۆزلەرنى ئۇدا ئىشلىتىش، سىمۋول، ئىستىئارە بولۇش، سۆزلەرنى تەكرالاش، رىتىمنى كۈچەيتىش، ئانتىتېزىس (قارىمۇ قارشىلىق) تەرتىپلىك ـ رىتىملىق بولۇش، مىسرالار تەكشى ـ رەتلىك بولۇش، ئوخشىتىش ـ تەقلىد قىلىش، پىنھان بولۇش، قاپىيەلەر ئۆزگىرىشچان بولۇش، سۆزلەر چوڭقۇر مەنىلىك بولۇش، گەپنى قىسقا، ئىخچام قىلىش، قاپىيە ـ رىتىمنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇش، مىسرالار ئىزچىل بولۇش، ئالدى ـ كەينى ھەمدەم ـ ھەمنەپەس بولۇش، رىتىم ـ قاپىيە ئاھاڭدار ـ يېقىملىق بولۇش، ئىشقىلىپ شېئىرىيەتتىكى قاپىيە، ۋەزىن، ئوخشىتىش، تەقلىد، تەكرارلاش، تەتبىق، ئالماشتۇرۇش، تەرتىپ، رىتىم، ئاھاڭ، سىمۋول، ئوبراز... قاتارلىق ماھارەتلەرنى شېئىردا تولۇق، توغرا ئىپادىلەش كېرەكلىكى، شېئىردا ئىشلىتىلگەن سۆزلەر ھەشەمەتلىك، چۈشىنىكسىز، غۇۋا بولماسلىقى، ئەكسىچە، توغرا، ئېنىق، چۈشىنىشلىك، راۋان، چىن، سەمىمىي ۋە ھېسسىياتلىق بولۇشى، باشقىلار بىلمەيدىغان، يوشۇرۇن مەنىلىك، ئىككى بىسلىق سۆزلەرنى

www.uyghurkitap.com

ئىشلەتمەسلىكى، ئومۇمەن، شېئىر ئىجادىيىتىدە مەمەدانىلىق، ھاكاۋۇرلۇق، ساختىپەزلىك ۋە كارزاپلىق قىلماسلىقى كۆپ يەردە قايتا ـ قايتا كۆرسىتىپ بېرىلگەن. بۇنىڭدىن ئەينى زاماندىلا پارسلارنىڭ شېئىر ئىجادىيىتى نەزەرىيىسىنىڭ ناھايىتى مۇكەممەللىكى ۋە پارسلارنىڭ يېقىنقى زامان شېئىر ئىجادىيىتى ئۈچۈن پۇختا ئاساس سالغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بىز گەپ ئارىسىدا كىتابخانلارنىڭ ھازىرقى ئىران شېئىرىيىتىگە نەزەر سېلىشىنىمۇ تەۋسىيە قىلىمىز. «قەدىمكى پارس شېئىرىيەت نەزەرىيىسى» بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئۆز قىممىتىنى ۋە ھاياتىي كۈچىنى ھېلىھەم نامايان قىلماقتا، ئىراندا شېئىرىيەت مۇنبىرىدە ناھايىتى كۆپ ساپالىق ۋە تالانتلىق شائىرلار ئەنئەنىۋى شېئىرىيەت تەلىماتى بويىچە شېئىرىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، دۇنيا شېئىرىيەت خەزىنىسىگە تۆھپە قوشماقتا.

شېئىرلارنى تۈرگە ئايرىشمۇ ناھايىتى ئىلمىي ۋە مۇۋاپىق بولغان. مەسىلەن: شېئىرلارنى مەزمۇن جەھەتتىن، مەدھىيە، لىرىكا ( غەزەل )، ھەجۋىيات، قەسىدە، مەرسىيە دەپ ئايرىپ، ھەربىرسىنىڭ تەبىرى، خاراكتېرى، ئوبيېكتى تەپسىلىي چۈشەندۈرۈلگەن. شەمسۇلمائالى شېئىر ئىجادىيىتىدە يېڭىلىق ۋە ئىجادچانلىقىنىڭ بولۇشىنى تەكىتلەپ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «شېئىر ئىجادىيىتىدە مۇتەئەسسىپلىك قىلىشقا، دورامچىلىق، كۆچۈرمىچىلىك قىلىشقا بولمايدۇ. ئەگەر شۇنداق بولۇپ قالسا، شېئىردا خاسلىقنى

گەۋدىلەندۈرۈشكە، يېڭىلىقنى يارىتىشقا ئىمكانىيەت قالمايدۇ. شېئىردا ئىجادىيەت سەۋىيىسى بىر ئىزدا توختاپ قالىدۇ. شائىر بولغان كىشى ھېسسىياتقا باي بولۇشى، ماھارەتتە پىششىق بولۇشى كېرەك. يېڭى ۋە ئالاھىدە شېئىرلارنى كۆرگەندە، ئۇ سىزگە يېڭىلىق تۇيۇلغاندا، سىز ئۇنى دەرھال قوبۇل قىلىشىڭىز، ئۆزىڭىزنىڭ شېئىرىي ئىجادىيىتىڭىزگە تەتبىقلىشىڭىز كېرەك، لېكىن ئۇنى ئەينەن كۆچۈرۈۋېلىشقا، دورىۋېلىشقا بولمايدۇ. ئىشقىلىپ جانلىق ئۆگىنىشىڭىز، جانلىق ئىشلىتىشىڭىز كېرەك. مەسىلەن، مەدھىيە شېئىرلىرىدە ئۆگەنگەن مىسرالارنى غەزەلدە ئىشلىتىش، مانا بۇ جانلىق ئۆگىنىش، ئەپچىل ئىشلىتىش ھېسابلىنىدۇ. باشقىلارمۇ بۇنى سىزنىڭ قەيەردىن ئالغانلىقىڭىزنى ئۇقمايدۇ.

شەمسۇلمائالى دەۋرىدىلا، پارس ـ تاجىك شېئىرىيىتىنىڭ پىر كامىلى ئوبۇلھەسەن رۇداكى ئەندىزىلەشتۈرۈپ بەرگەن رىتىم، ئاھاڭ، قاپىيە، ۋەزىن زىيادە پۇختا قىلىنغان. بېيىت ( مەسنەۋى)، قەسىدە، غەزەل، رۇبائىي، مەرسىيە، مەدھىيە قاتارلىق شەكىللەردىن تەركىب تاپقان شېئىرىيەت سىستېمىسى شەكىللىنىپ ۋە تاكامۇللىشىپ، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بارلىق مىللەت شېئىرىيىتىگىلا ئەمەس، كېيىنكى چاغلاردا ياۋروپاغا كىرىپ، غەرب ئەللىرى ئەدەبىياتىغىمۇ ئاجايىپ ئىجابىي تەسىر كۆرسەتكەن.

ئۇل پۇختا بولسا، بىنا مەزمۇت تۇرىدۇ دېگەندەك، كېيىنكى چاغلاردا شېئىر تۇرلىرى تەرەققىي قىلىپ، پارس

شېئىرىيىتىدە ئېپوسچىلىق (مەسلەن، فىردەۋسىينىڭ «شاھنامە»سى)، داستانچىلىق (نىزامى گەنجەۋىنىڭ خەمسەسى)، غەزەلىياتچىلىق (ھافىزشىرازىنىڭ غەزەللىرى)، مەدھىيە شېئىرلىرى ( رۇداكى، ئەنۋەرى قاتارلىقلارنىڭ ساقىينامە، مەينامىلىرى)، پەلسەپىۋى شېئىرلار (ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرى، شەيخ سەئىدى شېئىرلىرى)، ھېكايەتلىك شېئىرلار (جالالىددىن رۇمىنىڭ «مەسنەۋى شەرىف»، سەئىدىنىڭ «گۈلىستان» ۋە «بوستان») قاتارلىقلار بارلىققا كەلگەن. شۇڭا، ئامېرىكا يازغۇچىسى يۇھان ماسىر ئۆزىنىڭ «دۇنيا ئەدەبىياتى ھەققىدە قىسسە» ناملىق يىرىك ئەسىرىدە پارس ئەدەبىياتىغا يۇقىرى باھا بېرىپ: «شەرق ئەدەبىياتىدىن غەربكە ئەڭ كۈچلۈك ۋە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن ئەدەبىيات پارس ئەدەبىياتىدۇر. بۇنىڭ چىنلىقىدا مەسىلە يوق، چۈنكى پارس شېئىرىيىتىنىڭ شانۇ شەۋكىتىگە مەشرىق ئەللىرىدىكى ئەرەبلەر، تۈركلەرنىڭ ھەممىسى قول قويىدۇ. ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى ئالەمگە ياۋروپا ئەدىبلىرى ۋە ئالىملىرى تەرجىمە يولى ئارقىلىق تارقاتقان.»

«قابۇسنامە» دە ئاپتور كۆپ يەردە ئۇغلىدىن ئارۇز ئىلمىنى ياخشى ئۆگىنىشنى تەلەپ قىلغان. ئارۇز ئەسلىدە، ئەرەب شېئىرىيىتىگە خاس شېئىر ئىلمى، پارسلار ئىسلام دىنىغا كىرگەندىن كېيىن ئارۇزنى قوبۇل قىلغان. ئۇلار ئارۇزغا زۆرۈرى تۈزىتىش - ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىپ، پارسلارغا خاس ئارۇز نەزرىيىسىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. «قابۇسنامە» دە كۆرسىتىلىشىچە، پارس شېئىرىيىتىدە 17 خىل بەھر بار



www.uyghurkitap.com

بولـۇپ، ئۇلانىـڭ مۇبـارەك نـامى تۇۋەندىكىلـەردىن ئىبـارەت:
تـەۋىل بـەھرى، بەسىت بـەھرى، مـەدىد بـەھرى، ۋافىـر بـەھرى،
كـامىل بـەھرى، ھـەزەج بـەھرى، رەجـەز بـەھرى، رەمـەل بـەھرى،
سـەرىئ بـەھرى، مۇنسـەرىھ بـەھرى، خـەفىف بـەھرى، مۇزارىـئ
بەھرى، مۇقتەزەب بەھرى، مۇجتەس بەھرى، مۇتەقارىب بەھرى،
مۇتـەدارىك بـەھرى، جـەدىد بـەھرى. كېيىـن يەنـە ئىككى بـەھر
قوشۇلغان.بۇلار قەرىب بەھرى ۋە مۇشاكىل بـەھرىدىن ئىبـارەت.
دېمـەك، ئـەمىر شەمسـۇلمائالى دەۋرى ۋە ئۇنىڭدىـن كېيىـنكى
چـاغلاردا پـارس ـ تـاجىك شـېئىرىيىتىدە، ئۇنىڭدىـن كېيىـن
تۈركىـي تىللىـق شـېئىرىيەتتە (مۇھىمـى ئـەلىشـىر نـەۋائىي
دەۋرىدىـن ئىـبتىبـارەن) 19 خىـل ۋەزىـن ئۆرنـەكلىرى بارلىققا
كەلگەن. مەدەنىيـەت ۋە ئـەدەبىيات ئەنئەنىسىگە ئىگە پارسلار
ئەرەبلـەر تەرىپـىدىن بويسـۇندۇرۇلغاندىن كېيىـنمۇ كاتتـا
مۇۋەپپـەقىيەتلىك يـازغۇچىلار بارلىققـا كـېلىپ، ئـەرەب
ئـەدەبىياتىنىڭ تـەرەققىياتىغا كارامـەت تۆھپـە قوشـقان.
كېيىنكى چاغلاردا ئۇلار يېڭى شارائىت ئاستىدا جاھانشۇمۇل،
يېڭى پارس ئەدەبىياتىنى يارىتىپ جاھان ئـەدەبىيات ئـەھلىنى
تاڭ قالدۇرغان. ئەينى چاغدا ئۇيغۇر زىيالىيلىرىمۇ پارسلاردەك
يـول تۇتـتى. ئـۇلار دەسلەپـتە پارسـچە ئىجادىيـەت بىلـەن
شـۇغۇللاندى. كېيىنرەك ئۆز ئانا تىلىـدا ئىجادىيـەت ئېلىپ
بېرىپ، پارسلارغا تـەقلىد قىلىنغان، ئۇيغۇرلاشقان ئارۇز ۋەزنى
سىستېمىسىـنى بارلىققا كـەلتۈردى. بۇنىـڭ ئېنىق ۋاقتىـنى
دەپ بېرەلمىسـەكمۇ، لېكىـن «قاراخـانىيلار دەۋرىدىكـى ئۇيغـۇر
كلاسسىكى، بالاساغۇنلۇق يۈسۈپ خـاس ھـاجىپ (مىلادىيە 11 ـ

www.uyghurkitap.com

ئەسىر) نىڭ قەشقەر دىيارىدا ئارۇز ۋەزىنىنىڭ مۇتەقارىب بەھرى، مەسنەۋى شەكلىدە 13 مىڭ مىسرادىن ئارتۇق ‹قۇتادغۇبىلىك› داستانىنى يېزىپ چىققانلىقىنى ئۇبدان بىلىمىز.›› شىنجاڭدا ئارۇز ئۇقۇمى ۋە ئاتالغۇسى بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ نەزەرىيىۋى سىستېمىسى بەك بوش. بۇ توغرۇلۇق تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ناھايىتى زۆرۈر.

## 8. ‹‹قابۇسنامە›› نادىر نۇسخىلىرىنىڭ ساقلىنىش ئەھۋالى

‹‹قابۇسنامە›› دەسلەپتە قولىيازما شەكلى بىلەن قولدىن - قولغا ئۆتۈپ كەلگەن. شۇڭا بۈگۈنكى كۈنگە يېتىپ كەلگەن قولىيازما نۇسخىلىرى قىممىتى ئەڭ يۇقىرى ئەتىۋارلىق ماتېرىيالغا ئايلىنىپ قالدى، بىر قانچە نادىر نۇسخىلارنىڭ ساقلىنىش ئەھۋالى تۆۋەندىكىچە:

1. فاتاخ نۇسخىسى: بۇ نۇسخا تۈركىيە ئىستانبۇل فاتاخ كۈتۈپخانىسىدا ساقلانماقتا. ئۇ 1227 - يىلى كۆچۈرۈلگەن بولۇپ، ئەڭ بۇرۇنقى نادىر نۇسخا ھېسابلىنىدۇ.

2. رىدەن نۇسخىسى: گوللاندىيىنىڭ رىدەن كۈتۈپخانىسىدا ساقلانماقتا. 1319 - يىلى كۆچۈرۈلگەن نۇسخا.

3. تېھران نۇسخىسى: ئىران تېھران دۆلەتلىك كۈتۈپخانىسىدا ساقلانماقتا. 1349 - يىلى كۆچۈرۈلگەن نۇسخا. ئىران دوكتورى سەئىد نەسەفى بۇ نۇسخىغا سېلىشتۇرۇش ۋە تۈزىتىش ئېلىپ بېرىپ، 1933 - يىلى تېھراندا ئۇنى مىخ مەتبەئەدە رەسمىي نەشر قىلدۇرغان . ‹‹ قابۇسنامە ›› نىڭ

ھەرخىل يېزىقتىكى تەرجىمە نەشرلىرى بەكرەك مۇشۇ تېھران نەشرىنى ئاساس قىلماقتا. چۈنكى، ئىران بىرىنچىدىن، «قابۇسنامە» نىڭ بارلىققا كەلگەن ئانا ماكانى. ئىككىنچىدىن، بۇ كىتاب پارس تىلىدا يېزىلغان. شۇنداق بولغاچقا، ئىران بۇ ساھەدە ئەڭ سالاھىيەتلىك ئەل ھېسابلىنىدۇ.

4. برىتانىيە مۇزېيىدىكى نۇسخىسى: بۇ نۇسخا ئەنگلىيىنىڭ برىتانىيە مۇزېي كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا. بۇ 1457 ـ يىلى كۆچۈرۈلگەن نۇسخا.

5. پارىژ نۇسخىسى: فرانسىيە دۆلەتلىك كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا. 1474 ـ يىلى كۆچۈرۈلگەن نۇسخا.

ئېلىمىزدە جاڭ خۇي ئەپەندى پارس تىلىدىن تەرجىمە قىلغان، شاڭخەي كىتابچىلىق باسمىخانىسى نەشر قىلغان «قابۇسنامە» ئىران دوكتورى گۇلەم ھۆسەن يوسۇفى سېلىشتۇرۇش ـ تۈزىتىش ئارقىلىق 1968 ـ يىلى تېھراندا نەشر قىلىنغان (فاتاف نۇسخىسى) «قابۇسنامە» نى ئاساس قىلغان ھەم خەنزۇچە تەرجىمىسى دۇنيادىكى مەشھۇر ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىش مەجمۇئەلىرى كاتولوگىغا كىرگۈزۈلگەن.

### 9. «قابۇسنامە» نىڭ يۈكسەك ئورنى ۋە تەسىرى

«قابۇسنامە» بىر مەنىۋى بايلىق سۈپىتىدە زاماندىن ـ زامانغا تارقىلىپ كەلمەكتە. ئۇ دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن ئاجايىپ تەسىر قوزغىغان. بولۇپمۇ بۇ بىباھا ئەسەر پارس ـ

تاجىك كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدا پەخىرلىك ئورۇنغا، يۇكسەك ئىجتىمائىي ئۇنۇم ۋە تەسىرگە ئىگە. «قابۇسنامە» دۇنياغا كېلىپ، 50 يىلدىن كېيىن، پارس ـ تاجىك سوفىزم نامايەندىلىرىدىن بىرى بولغان ئەبۇلمەجىد سەنائى (1072 – 1141) «ھەقىقەت بېغى» ناملىق داڭلىق ئەسىرىنى يېزىپ چىققان. ئۇ بۇ ئەسەرنى «قابۇسنامە» غا تەقلىد قىلىپ يازغان ھەم ئۇنىڭدىن نۇرغۇن مەسەل، قىسقا ھېكايەت ۋە ھېكمەتلەرنى ماتېرىيال قىلىپ ئالغان. سەنائى چەكسىز ھۆرمەت بىلەن شەمسۇلمائالىنى «ئەۋلىيا ئۇستاز» دەپ تىلغا ئالغان. پارس ـ تاجىك كلاسسىكلىرىدىن مۇھەممەد ئەتتار (1145 – 1229)، جالالىددىن رۇمى (1207 – 1273)، شەيخ سەئدى (1208 – 1292)، ئابدۇراھمان جامى (1414 – 1492)، خىسراۋ دېھلىۋى (1253 – 1325) قاتارلىق دۇنياۋى شائىرلارنىڭ ھەممىسى «قابۇسنامە»دىن ئۆرنەك ـ ماتېرىيال ئالغان. بولۇپمۇ نەسىرچىلىك ئىجادىيىتىدە «قابۇسنامە» ئۇسلۇبىغا تەقلىد قىلمىغان، ئۇنىڭدىن ياناپ ئۆتكەن يازغۇچىلار يوق دېيەرلىك. مۇشۇلار سەۋەبىدىن بولسا كېرەك، ئىراننىڭ ئاتاقلىق ئالىمى، «شائىرلار شاھى» دەپ نام ئالغان مۇھەممەد باھار (1886 – 1951) «قابۇسنامە» گە باھا بېرىپ، ئۇنى «ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئېنىسكلوپېدىيىسى» دەپ كۆرسەتكەن. ئىراننىڭ ئاتاقلىق تارىخچىسى ئابباس ئەكبەر ئەشتىيانى ئۆزىنىڭ «ئىراننىڭ ئومۇمىي تارىخى» ناملىق ئىككى قىسىملىق تارىخىي ئەسىرىدە شەمسۇلمائالى ۋە ئۇنىڭ «قابۇسنامە» سىغا يۇكسەك باھا بېرىپ مۇنداق دەپ



www.uyghurkitap.com

كۆرسـەتكەن: «پـەند ـ نەسـىھەت شـەكلىدە ئوغلىغـا ئاتـاپ يېزىلغـان ‹قابۇسـنامە› كىتـابى پـارس ئـەدەبىياتىدىكى نـادىر نەسرلەرنىڭ بىرى. ئۇ ئاپتورنىڭ بىلىم ئىقتىدارى ۋە ئـەدەبىي ئىجادىيەت ماھارىتىنى خەلقئالەمگە نامايان قىلغان.››

ئىران ئالىمى مۇھەممەد باھار «قابۇسنامە» نى «ئىسلام مـەدەنىيىتىنىڭ ئېنسىكلوپېدىيىسـى» دەپ باھالىغـان. دەر ھەقىقـەت، بۇ، لاپ گـەپ ئەمـەس. چۈنكـى «قابۇسـنامە» نىـڭ تېماتىك مەزمۇن دائىرىسى ئەينى زامان پارس جەمئىيىتىنىڭ بـارلىق ساھەسىگـە ئـالاقىدار بولـۇپ، يۇقىرىسـى پەلەكشۇناسلىقنى، تۆۋىنى ئويۇن ـ تاماشىغىچە بولغان جىمى ساھەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئەسەرنىڭ ئىدىيىسـى، مـەزمۇنى، ئۇسـلۇبى، تىلـى ۋە ستاتىستىكىسـى تـەبىئىي ۋە سـەممىي بولۇپ، كىشىدە ئونتۇلغۇسىز تەسرات قالدۇرىدۇ.

ھـەقىقىي قىممەتكە ئىگە ئەسـەر ئۆزى بارلىققا كەلگـەن زامـان ۋە ماكـاندىن ھـالقىپ ئـۆتۈپ، دۆلـەت، رايـون، ئىـرق، مىللـەت ۋە دىنىـي ئېتىقـاد پاسـىلىنى بـۇزۇپ، ئومۇمىـي ئىنسانىيەت مەنىۋى ئوزۇقىغا ۋە دۇنيا مەدەنىيەت تەۋەررۇكىگە ئايلىنالايدۇ. ‹‹قابۇسنامە›› دەل شۇلار جۈملىسىدىندۇر.

‹‹قابۇسـنامە›› دۇنياغـا كېلىپ 300 يىلدىـن كېيىـن، ئوسـمانلى ئىمپېرىيىسـىنىڭ سـۇلتانى مـۇراد II (مىلادىيـە 1421 ـ 1425 ـ يىللىـرى تەختتـە ئولتۇرغـان) سـەلتەنەت بابىدا بىر خەير ـ ساخاۋەت كۆرسىتىپ، ‹‹قابۇسنامە›› نى پارس تىلىدىن تۈركىي تىلىغا تەرجىمە قىلىشنى پەرمان قىلغان. پارسگۆي ئەھمـەد بىـن ئارىيـاس بولسـا سۇلتانىنىڭ پـەرمانىنى

بەجا كەلتۈردى. تۈركىي تىللىق «قابۇسنامە» 1424 - يىلى دۇنياغا كەلتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ تۈركىي تىللىق باسما نەشرى 1880 - يىلى روياپقا چىققان. «قابۇسنامە» فرانسۇز تىلىدا 1886 - يىلى پارىژدا نەشر قىلىنغان. ئۇنىڭدىن كېيىن، «ئامەت كەلسە، تۇخۇمۇڭ تاشنى چاقىدۇ، ئامەت قاچسا چىشىڭ ئاتىلادا سۇنىدۇ» (تاجىك خەلق ماقالى) دېگەندەك، «قابۇسنامە» ياۋروپا ۋە دۇنيادا كاتتا بازارغا ئېرىشتى. ئۇنىڭ گېرمانچە، ئىنگلىزچە، رۇسچە، ياپونچە، ئەرەبچە تەرجىمىسى ئارقا - ئارقىدىن نەشر قىلىندى. بەزى تەرجىمە نەشرلىرى قايتا - قايتا بېسىلدى. رۇسچە بىر قېتىملىق نەشرىنىڭ تىراژى 50 مىڭدىن ئاشقان. نۇرغۇن ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەر شەمسۇلمائالىغا يۇقىرى باھا بېرىپ، ئۇنى «ئەخلاق - پەزىلەت بابىدا تېپىلماس پىر ئۇستاز» دېگەن بولسا، بەزىلەر ئۇنىڭ ھېكمەتلىرىدىن تاللاپ ئۆزگىچە ئاخىرەتلىك قەبرە تەزكىرىسى قىلغان، ئىراندا «قابۇسنامە» ئەڭ كۆپ نەشر قىلىنغان. 1968 - يىلىغا كەلگەندە جەمئىي 26 قېتىم نەشردىن چىققان. ھىندىستاننىڭ بومباي شەھىرىدە پارسلار كۆپ بولغاچقا، «قابۇسنامە» كۆپ قېتىم پارس تىلىدا نەشر قىلىنغان. ئېلىمىز جۇڭگودا خېلى بۇرۇنلا چەت ئەل ئەدەبىياتى دەرسلىكلىرىدە، ئەدەبىيات، پەلسەپە، تارىخ لۇغەتلىرى، قامۇسلىرى ۋە ئېنسىكلوپېدىيىلىرىدە مەخسۇس تېما بويىچە تونۇشتۇرۇلغان. 2001 - يىلى شاڭخۇ كىتابچىلىق باسمىخانىسى « قابۇسنامە » نى پارس تىلىدىن بىۋاستە خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدى.

شىنجاڭ رايونىدا «قابۇسنامە» خېلى بۇرۇنلا تارقالغان. مەدرىسىلەردە ئۇ مەخسۇس تىل - ئەدەبىيات ئوقۇشلۇقى سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەن. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80 - ۋە 90 - يىللىرىدا مەرھۇم ئۆلىما ئابدۇرېشىت ئىسلامىنىڭ تەرجىمىسىگە ئاساسەن، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى بۇ كىتابنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئىككى قېتىم نەشر قىلدى، ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، بۇ نەشرىدە 44 بابتىن 15باب، يەنى پۈتۈن كىتابنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى قىسقارتىلغان. تولۇن ئاي ھىلال ئايغا ئۆزگەرتىلگەن.

پارس ئەدەبىياتىدىكى «شاھنامە»، «قابۇسنامە» «گۈلىستان»، «بوستان»، «مەسنەۋى شەرىف»، نىزامىي خەمسەسى، جامىي خەمسەسى، ھافىز غەزەللىرى، ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرى شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ دۇنياغا تونۇلۇپ داڭق چىقارغانكى، مۇشۇ ئەسەرلەرنىڭ خاراكتېرىدە ئەسلىدىنلا دۇنياۋىلىق بولغاندىن سىرت، يەنە ئەڭ مۇھىم ۋە سەل قارىغىلى بولمايدىغان بىر ئامىل شۇكى، بۇ ئەسەرلەر ياۋروپا تىللىرىدا تەرجىمە - نەشر قىلىنىپ، گېيوتىدەك كاتتا شائىرنى، گېگىلدەك زەبەردەست پەيلاسوپنىمۇ تاڭ قالدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ يۈكسەك باھاسىغا ئېرىشكەن.ئېلىمىزنىڭ پامىر ئېگىزلىكىدە ياشاۋاتقان تاجىكلار ئارىسىدا «قابۇسنامە» مەنىۋى دەستۇر قاتارىدا ئۇلۇغلىنىدۇ، ئۇنىڭدىكى نۇرغۇن قىسقا ھېكايەت - مەسەل، كۆپلىگەن ماقال - تەمسىللەر، ئىدىئوم - ھېكمەتلەر ئاز كەم مىڭ يىل مابەينىدە زاماندىن - زامانغا، ماكاندىن - ماكانغا، ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا تارقىلىش

جەرياندا خەلق ئىچىگە شۇ دەرىجىدە سىڭىپ كەتكەنكى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىمىزنىڭ بىر تەركىبىگە ئايلىنىپ كەتكەن. ئاتا ـ ئانىلار، ئەجدادلار بالىلىرىغا، ئەۋلادلىرىغا «قابۇسنامە » دىكى قائىدە ـ نىزام بويىچە تەلىم بېرىدۇ، نەسىھەت قىلىدۇ ۋە مەسلىھەت بېرىدۇ. ئۇنىڭ مىللىتىمىز ئارىسىدىكى ئىجتىمائىي ئۇنۇم ۋە تەسىرىنى تىل بىلەن بايان قىلىشقا ئاجىزلىق قىلىمىز.

## 1

ئاتا ـ ئاناڭنى ھۆرمەت قىلساڭ، ئۆز ئەسلىڭنى ھۆرمەت قىلغان بولىسەن.

## 2

ئاتا ـ ئانىنى ھۆرمەتلىمىگەن، قەدرىنى بىلمىگەن پەرزەنت تەڭرى بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدىكى سەۋەب بولغۇچى نەرسىنى بىلمىگەن بولىدۇ.

## 3

ئاتا ـ ئانىغا ھۆرمەت قىلماق پەرزدۇر.

## 4

ئاتا ـ ئاناڭ سېنىڭ دۇنياغا كېلىشىڭگە ۋە ئۆسۈپ يېتىلىشىڭگە، تەربىيىلىنىشىڭگە سەۋەبچى بولغان تۇرسا، سەن ئۇلارنى ھۆرمەتلەپ، خىزمىتىنى ياخشى قىلمىساڭ،

ياخشى پەرزەنت ۋە ياخشى ئادەم بولمىغان بولىسەن.

5

ھەرقانداق ئادەم ئاتا ـ ئانىسى ھەققىنى ئادا قىلمىسا، باشقا كىشىلەرنىڭ ھەققىنى ئەسلا ئادا قىلالمايدۇ. مۇنداق ئادەم ياخشىلىقنىڭ قەدرىنى بىلمەيدىغان يامان ئادەم ھېسابلىنىدۇ. يامان ئادەمگە باشقىلارنىڭ ياخشىلىق قىلىشىمۇ دۇرۇس ئەمەس.

6

سەن ئەگەر پەرزەنتىڭدىن ھۆرمەت ئۈمىد قىلساڭ، ئالدى بىلەن ئۆزۈڭ ئاتا ـ ئاناڭغا ھۆرمەت قىلىشىڭ كېرەك. بالىلىرىڭ ئاتا ـ ئاناڭغا قىلغان ھۆرمىتىڭنى كۆرۈپ، ساڭا ئىززەت ـ ئىكرام ۋە ياخشى خىزمەت قىلىدۇ. چۈنكى، بالا ئاتا ـ ئانىنىڭ قىلمىشىنى كۆرۈپ ئۆگىنىدۇ.

7

سەن بىر مېۋىلىك دەرەخقە ئوخشايسەن، بالىلىرىڭ شۇ مېۋىلىك دەرەخنىڭ مېۋىسى.

8

ئاتا ـ ئاناڭ سەندىن رازى بولسا، تەڭرىمۇ سەندىن رازى بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com

## 9

ئۆزۈڭنى يۇقىرى مەرتىۋىلىك كىشىگە سېلىشتۇرۇپ قايغۇرما، ھەرقاچان ئۆزۈڭدىن تۆۋەن تۇرمۇشتىكىلەرگە قاراپ ئۆز تۇرمۇشىڭغا شۈكۈر قىل.

## 10

ئەگەر سەن يوقسۇل ئىكەنسەن، ئەقىل ـ ئىلىمىڭ، ھۈنەر ـ كەسپىڭ بولسا، بايسەن. چۈنكى ئەقىل ـ بىلىم مال ـ مۈلۈكتىن ياخشى. ئەقىل ـ بىلىم بولسا بايلىق ئۆزى كېلىدۇ. لېكىن، ئەقىلنى، بىلىمنى پۇلغا سېتىۋالغىلى بولمايدۇ، بىلىم بولمىسا مال ـ مۈلۈك، بايلىق قولدىن كېتىدۇ، تۈگەيدۇ. ئەمما، ئەقىل ـ بىلىم داۋاملىق سەن بىلەن بىللە تۇرىدۇ.

ئەقىل ـ بىلىمىڭ بولسا، ھۈنەر ـ سەنئەت ئۆگەنگىن. ئەقىللىك، ھۈنەرلىك، بىلىملىك بار ئىكەن، ئەدەپ ـ ئەخلاقىڭ ياخشى بولسۇن، چۈنكى «ئەدەپ — ئەقىلنىڭ سۈرىتى، شەكلى» دۇر.

## 11

ھۈنەر ـ سەنئەت بىلەن ئېپتىخارلىنىش نەسەب بىلەن پەخىرلىنىشتىن ياخشى. ھۈنەر ئۆگىنىشكە تىرىشقىن، ھۈنىرى يوق كىشىنىڭ ھېچ ئادەمگە پايدىسى يوق، بەلكى ئۆزىگىمۇ پايدىسىز.

## 12

ھۇنىرى يوق ئادەم گويا ئاق تىكەنگە ئوخشايدۇ. تىكەننىڭ ھېچ ئادەمگە سايىسى چۈشمەيدۇ. ھەرقانداق ئادەمگە ھۇنەر زۆرۈر.

## 13

ھۇنىرى يوق ئادەم ھايۋان دەرىجىسىگە چۈشۈپ قالىدۇ، بەلكى ھايۋان ھۇنەرسىز ئادەمدىن ياخشىراق. چۈنكى، ھايۋان خەلققە مەنپەئەت يەتكۈزىدۇ، ھۇنەرسىز ئادەم «ئىنسان سۈرەتلىك» ھايۋان دېيىلگەندۇر.

## 14

ھەي ئوغۇل، «مەن پالانى ئۇلۇغ، ياخشى كىشىنىڭ ئەۋلادى» دەپ يۈرمەي، ھۇنەر ئۆگەنگىن. شان - شەرەپ ئەقىل، ئىلىم ۋە ئەخلاق بىلەن كېلىدۇ.

## 15

ھەي ئوغۇل، ئاتا - ئانىڭدىن قالغان نام (نەسەب) بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۆز ھۇنەر - كەسپىڭ ۋە ئەقىل - پاراسىتىڭ بىلەن ئىپتىخارلان. چۈنكى، ئاتا - ئاناڭ ساڭا چىرايلىق قىلىپ ئەھمەد ياكى مەھمۇد، ئابدۇللا، ئابدۇراھمان دەپ ئىسىم قويغان بولسا، بۇ ئاتلار ساڭا شەرەپ بولالمايدۇ. سەن ئۆزۈڭ تىرىشىپ ھاسىل قىلغان ئالىم، پەيلاسوپ، دوختۇر،

ئۇستاز ـ مۇئەللىم ياكى ھۇنەرۋەن دېگەن ئىسىملارنىڭ ساڭا مەنسۇپ بولۇشى شەرەپلىكتۇر، تىرىشىپ ياخشى، شەرەپلىك نامغا ئېرىشكىن. يامان ئىسىم بىلەن مەشھۇر بولۇشتىن ساقلانغىن.

## 16

كىمكى ئۆزى نادان(ئىلىمسىز، ھۇنەرسىز)بولسا ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەيدۇ، نادان ئادەمنىڭ سۆھبىتىدىن يىراق بولۇش كېرەك. چۈنكى، بىلىمسىز ئادەمدىن ساڭا نۇقسان يەتمىسۇن. ئالىم ۋە ھۇنەرۋەن ئادەمنىڭ سۆھبىتىنى غەنىيمەت بىلىش كېرەك.

## 17

ھەي ئوغۇل، ھۇنەرلەر ئارىسىدا قايسى ھۇنەر ياخشىراق؟ ھۇنەرلەر ئارىسىدا «ناتىقلىق» (سۆزلەش ماھارىتى) ياخشىدۇر. ئىنسان پۈتۈن مەخلۇقلار ئىچىدە ئون نەرسە بىلەن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇ ئون نەرسىنىڭ بەشى ئوچۇق. بەشى مەخپىي. مەخپىيلىك ئىنساننىڭ ئىچكى دۇنياسىدا بولىدۇ. ئۇنىڭ بىرى، ئورتاق ھېس؛ بۇ تاشقىي ئالەمدىن خەۋەرنى ئادەمنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا يەتكۈزىدۇ. ئىككىنچىسى، خىيال. بۇ خەۋەرگە شەكىل بېرىدۇ. ئۈچىنچىسى پىكىر. بۇ، شەيئىنىڭ ئاقىۋىتىگە نەتىجە بېرىدۇ. تۆتىنچىسى، پەم (ئويلاش). بۇ شەكىلگە بېرىلگەن نەرسىنىڭ ياخشى ـ يامانلىقىنى پەم قىلىدۇ. بەشىنچىسى، «ھاپىزە» ئەستە ساقلاش، پىكىر



www.uyghurkitap.com

قىلىشتىن هاسىل بولغان يىغىندى خەۋەر ۋە شەكىللەرنى ساقلايدۇ.

تاشقى جەھەتتىكى بەش نەرسىنىڭ بىرى، ئاڭلاش؛ ئىككىنچىسى، كۆرۈش؛ ئۈچىنچىسى، تۇتۇپ بىلىش؛ تۆتىنچىسى، تېتىش؛ بەشىنچىسى، پۇراش. بۇ نەرسىلەرنىڭ بەزىسى ھايۋاندىمۇ بولىدۇ. ئەمما، ئادەمدە بولغان دەرىجىدە ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن ئادەم گوياكى پۈتۈن ھايۋانات ئۈستىدىكى پادىشاھقا ئوخشايدۇ. بۇ يەردە بايان قىلىنغان ئىنساندا بولغان ئون ئامىلنىڭ خۇسۇسىيىتى ئىنساننىڭ سۆزلەش خۇسۇسىيىتىدۇر. پەم ئىنسان سۆزىنىڭ قانداق مەنىگە بولۇشىغا قورالدۇر، خىيال ئاڭلىغان نەرسىگە شەكىل بېرىشكە قورالدۇر، باشقىلىرىنىمۇ شۇلارغا ئوخشاش قىياس قىلىش لازىم.

## 18

ھەي ئوغۇل، تىرىشىپ تىلىڭنى سۆزلەش ماھارىتى بىلەن ۋە پاساھەت (ئوچۇق، ئېنىق، گۈزەل سۆزلەش) بىلەن بېزىگەيسەن، خەلققە تاتلىق تىل بىلەن گۈزەل سۆزلەشنى ئادەت قىلغايسەن.

## 19

ھەركىمنىڭ تىلى تاتلىق، گۈزەل بولسا دوستلىرى كۆپ بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

## 20

سۆزگە ئۇستا بىر كىشى ھەر سۆزنى ئورنىنى تاپمىسا ئېيتمايدۇ. چۈنكى، ھەربىر سۆز ئۆز جايىدا سۆزلەنمىسە، ھەرقانچە گۈزەل بولسىمۇ تېتىقسىز ئاڭلىنىدۇ. بەزى سۆزلەر بولىدۇكى، ئۇنىڭ سەۋەبىدىن سۆزلىگۈچى جەبىر - جاپاغا يولۇقىدۇ، ھەربىر سۆزنى ئۆز ئورنىدا سۆزلەشنى بىلىش كېرەك. ھېكمەت ئالىملىرى سۆزنى شارابقا ئوخشىتىدۇ. شاراب خۇمار كەلتۈرىدۇ (شاراب ئىچىپ ئادەتلەنگەن ئادەمنىڭ يەنە ئىچكۈسىنى كەلتۈرىدۇ). ئىچكەندىن كېيىن باشنى ئاغرىتىدۇ، بەدەنگە زىيان يەتكۈزىدۇ.

## 21

سورىماستىن ئىلگىرى سۆزلىمە، زۆرۈر بولمىغان ئورۇنسىز، بىھۇدە سۆزدىن ساقلىنىشىڭ كېرەك. ھەربىر ئاڭلىغان سۆزۈڭنى سۆزلەۋەرمە. بەزى سۆزنىڭ ئاساسى، ئىگىسى يوق بولۇپ قالسا، يالغاندىن ئىغۋا تارقاتقان بولىسەن.

## 22

بىر كىشى سەندىن نەسىھەت ئاڭلاشنى خالىمىسا، ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلما، بولۇپمۇ نەسىھىتىڭگە ئەمەل قىلمايدىغان كىشىگە نەسىھەت قىلما. ئەگەر بىر كىشىگە نەسىھەت قىلساڭ، ئادەم كۆپ يەردە قىلما. چۈنكى، خەلق ئارىسىدا نەسىھەت قىلساڭ ئۇ كىشىنىڭ بارلىق ئەيىبلىرىنى

بېشىغا ئۇرغاندەك بولىسەن. كۆپ كىشىنىڭ ئارىسىدا نەسىھەت قىلىش ئادەمنىڭ بېشىغا ئۇرغانلىق بولىدۇ.

## 23

ئادەم ياشلىق ۋاقتىدىن باشلاپ توغرا نىيەت ۋە ياخشى ئەخلاق بىلەن تەربىيىلىنىشى لازىم.

## 24

ياشلىق ۋاقتىدىن باشلاپ توغرا تەربىيىلەنمىگەن ئادەم ئەگرى ئۆسۈپ قېرىغان دەرەخكە ئوخشايدۇ. ئەگرى ئۆسۈپ قېرىغان دەرەخنى تۈزلىگىلى بولمايدۇ. ئۇنى پالتا بىلەن كېسىپ ئوتۇن قىلىشقىلا بولىدۇ.

## 25

تۆھمەت ئېھتىمالى بولغان يەردە ئولتۇرما، يامان يولدا يۈرگەن كىشىگە ھەمراھ بولما، چۈنكى ئۇ سېنى يامان يولغا باشلايدۇ، يامانىنىڭ كاساپىتى تېگىدۇ. خۇش تەبىئەتلىك ئىكەنسەن، خۇش تەبىئىتىڭنى ھېچقاچان ئۆزگەرتمە.

## 26

بىر كىشى غەم ـ قايغۇغا يولۇقسا، سەن شادلانما، خەلق قايغۇغا دۇچ كەلسە، سەنمۇ تەڭ قايغۇرغىن. ئۆزۈڭدىن تۆۋەن كىشىلەرگە زورلۇق قىلمىغىن ، ئادالەتلىك بول. چوڭلاردىن زۇلۇم كۆرمەيسەن. خەلققە توغرا سۆزلە، سەنمۇ خەلقتىن توغرا

جاۋاب ئاڭلايسەن.

## 27

ياخشىلىقنىڭ قەدرىنى بىلمىگەن كىشىگە ياخشىلىق قىلما، ياخشىلىقنى بىلمىگەن ئادەمگە ياخشىلىق قىلىشىڭ شورلۇق يەرگە ئۇرۇق چاچقانغا ياكى شورلۇق يەرگە كۆچەت تىككەنگە ئوخشايدۇ.

## 28

ياخشىلىق قىلىشتا تېگىشلىك ئورۇن ۋە ئادەمگە ياخشىلىقىڭنى ئايىما، ئەگەر كىشىلەرگە ياخشىلىق قولۇڭدىن كەلمىسىمۇ، يامانلىق قىلما.

## 29

خەلقنى ياخشىلىق قىلىشقا دالالەت قىل. چۈنكى، كىشىلەرنى ياخشىلىق قىلىشقا دالالەت قىلغان كىشى ياخشىلىقنى قىلغانغا ئوخشاش.

## 30

ئەگەر كىشىگە ياخشىلىق قىلغان بولساڭ، «مەن پالانى كىشىگە ئەجەب ياخشىلىق قىلغان ئىكەنمەن»دەپ ئېچىنما. كىشىگە خىيانەت قىلىشتىن ساقلان.

## 31

شۇنداق ھالەتلەر بولىدۇكى، بەزى يامانلىقنىڭ جازاسى

مۇشۇ دۇنيادىلا يېتىپ كېلىدۇ، بەزى ياخشىلىقنىڭ مۇكاپاتىمۇ كېلىدۇ. ئەگەر كىشىگە خىيانەت قىلىپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتساڭ، سېنىڭ كۆڭلۈڭگىمۇ شۇنداق زەخمەت ـ ئاغرىنىش كېلىدۇ. بەلكى سەن يەتكۈزگەن ئازار ـ زەخمەتتىن ئېغىرراق يېتىدۇ.

## 32

خەلق قايغۇلۇق بولسا، سەنمۇ قايغۇلۇق بول، بىراۋ سېنىڭ سەۋەبىڭ بىلەن خۇشاللانسا، سەنمۇ خۇشال بولىسەن. مەلۇمكى، ياخشىلىق ۋە يامانلىق قىلساڭ، جازا ۋە مۇكاپاتىنى بۇ دۇنيادا كۆرىسەن، مۇبادا بۇ دۇنيادا كۆرمىسەڭ، ئاخىرەتتە چوقۇم كۆرىسەن. بۇ سۆزنى ھېچكىم ئىنكار قىلالمايدۇ، ياخشىلىق ۋە يامانلىق ئەسلا بەدەلسىز قالمايدۇ.

## 33

ھەي ئوغۇل، ئىمكانىيەتلا بولسا ياخشى ئىشلارنى قىلغىن، ياخشىلىق قىلىش جەريانىدا ھەرقانچە جەبىر ـ جاپا چەكسەڭمۇ زىيىنى يوق. ئۇنىڭ ئاقىۋىتى راھەتلىك بولىدۇ، ياخشىلىق قىلىشتىن توختىما.

## 34

خەلق كۆزىگە ياخشىلىق بىلەن كۆرۈنگىن. يامانلىق بىلەن كۆرۈنۈشتىن ساقلانغىن. ھېچقاچان بۇغداي كۆرسىتىپ، ئارپا ساتما، قارىماققا خەلققە ياخشى كۆرۈنۈپ،

www.uyghurkitap.com

ئارقىدىن يامانلىق قىلما. ئەگەر قارىماققا ياخشىلىق قىلغاندەك كۆرۈنۈپ، ئارقىدىن يامانلىق قىلساڭ مۇناپىقلىق قىلغان بولىسەن.

## 35

ھەرقانداق ئىشنى قىلساڭ ئادالەت(توغرىلىق، راستلىق)بىلەن قىل، زالىملىق قىلما، زالىملىق قىلساڭ ئۆزۈڭگە قايتىدۇ، قىلمىشىڭغا بىقىپ جازا كۆرىسەن.

## 36

ئادەمنىڭ ئىككى ھالىتى بار، ھېچ ۋاقىت ئۇنىڭدىن خالىي بولمايدۇ. بىرى، خۇشاللىق، بىرى، قايغۇ. ئەگەر خۇشال بولساڭ ياكى قايغۇغا دۇچ كەلسەڭ، شۇنداق ئادەمگە ئېيتقىنكى، سىنىڭ خۇشاللىقىڭ بىلەن ئۇ خۇشال بولسۇن، قايغۇڭ بىلەن ئۇ قايغۇلانسۇن.

## 37

ئازغىنا ۋەقە ئۇچۇن تەبىئىتىڭنى ئۆزگەرتمە. ئەقىللىق بۇ ھالنى خوپ كۆرمەيدۇ. ھەرقانداق خۇشاللىق كەلسە، ئالدىراپ سۆيۈنمە، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قايغۇسى بولىدۇ. ھەرقانداق كۆڭۈل يېرىملىق، خاپىلىق كەلسە، رەنجىپ كەتمەي ئۆزۈڭنى چىڭ تۇتۇپ يۈرگىن، ئاخىرىدا شادلىق كېلىدۇ.

## 38

كىشى بىلەن قاتتىق ۋارقىراپ سۆزلەشمە. سۆزلىگەندە ئاڭلىغۇدەك سۆزلىسەڭ كۇپايە قىلىدۇ، تەمكىنلىك بىلەن سۆزلەش. ئەگەر بىر كىشى ساڭا قاتتىق سۆزلىسە، سەن ئۇنىڭغا مۇلايىملىق بىلەن جاۋاب قايتۇر. ئەخمەق (نادان) لەر ساڭا قوپاللىق قىلسا، سەن ئۇنىڭغا جاۋاب بەرمە.

## 39

بىر شەھەر ياكى بىر يېزىدا ئۇ شەھەر - يېزىنىڭ قېرى كىشىلىرىگە ھۆرمەت قىل، چۈنكى ، دۇنيادىكى بارلىق مىللەتلەر ياشانغان كىشىلىرى بىلەن ھۆرمەتلىنىدۇ. بولۇپمۇ ئۆز خەلقىڭنىڭ قېرى كىشىلىرىگە ھۆرمەت قىلىشىڭ زۆرۈر. قېرى كىشلەرنىڭ پەزىلەتلىرىدىن مەھرۇم بولما. ئەگەر قېرى كىشىلەردە بىرەر ئەيىب كۆرسەڭ، ئۇنىڭغا كۆز سالما، ياخشىلىق تەرىپىگە كۆز سال. ئىلىم - ھېكمەت كۆزى بىلەن قارىساڭ ئاجايىپ ئىبرەتلەر ھاسىل قىلالايسەن.

## 40

بىر ئادەم بىر يامان ئىش قىلسا، ئىبرەت كۆزۈڭ بىلەن قارىغىن. ئۇ ئۇنداق قىلدى، مۇنداق قىلدى، دەپ ئەيىبلىمە. ئۆزۈڭنىڭ ئاشۇنداق يامان ئىش قىلمىغىنىڭغا شۈكۈر قىل.

## 41

ئەگەر تونۇمىغان كىشى بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇپ

قالساڭ، ئۇنىڭدىن تېز ئايرىلغىن. خاتىرجەم، ئامان - ئېسەن بولىسەن. چۈنكى، ئۇ سىنالمىغان، ناتونۇش ئادەم بولغانلىقتىن، گۇمان، شۈبھىدىن خالىي بولغىلى بولمايدۇ.

## 42

ئاچ قېلىشقا رازى بولساڭ بولغىنكى، ئىلىمسىز، ھۈنەرسىز قېلىشقا رازى بولما.

## 43

ھەرقانداق نەرسە خەلققە پايدىلىق بولسا، ساڭا ھەم پايدىلىق، خەلققە زىيانلىق بولسا ساڭا ھەم زىيانلىق.

## 44

دائىم ئۆزۈڭگە نەسىھەت قىل، ئۆزۈڭنى تۈزۈك تۇتقىن. ئۆزۈڭنى تۈزۈك تۇتۇش شۇكى، ئۆزۈڭ ئۆگىنەلەيدىغان ئىشقا ئەقلىڭنى، ئىلمىڭنى سەرپ قىلغىن. زۆرۈر نەرسىنى ئۆگەنگىن. ئۆگىنىشكە ۋاقىت يوق دېمە، ھېچقانداق ۋاقتىڭنى بوش - بىكار ئۆتكۈزمە. ئەگەر ھۈنەر ئۆگىنىشكە بىر ھۈنەرۋەن ئادەم تاپالمىساڭ، يەنە بىر ھۈنەر بىلمەس كىشىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ، ئۇنىڭ قىلغان يارىماس ئىشىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن ياخشى ئىشنى ئىشلەشكە ئىجتىھات قىل، ھۈنەرۋەن بولىسەن.

## 45

ئىنسانلارنىڭ دۇنيادا كۆپ مەقسەتلىرى بولىدۇ. شۇنىڭ

ئۈچۈن، ئىنسانلار ئىلىم ـ بىلىم، ھۈنەر، پەزىلەت ۋە ئىقتىدار ھاسىل قىلسۇن. شۇنداق قىلغاندىلا مەقسەتلىرىگە يېتىدۇ. چۈنكى، ئىلىم، ھۈنەر، پەزىلەت ئاشۇرۇش — ئۆز دەۋرىمىزدىكىلەردىن ئارتۇق بولاي دېگەنلىكتۇر.

## 46

ھەركىم ئىلىم، ھۈنەر ـ پەزىلەت ئۆگىنىشتىن ئۆزىنى تارتسا (ئۆگەنمىسە) ئاجىزلىق، بىچارىلىككە رازى بولغانلىقتۇر، مۇنداق قىلىش — غەيرەتسىزلىك ۋە ھىممەتسىزلىكنىڭ ئالامىتىدۇر. غەيرەتسىز، ھىممەتسىز كىشى ھېچقاچان ئۇلۇغلۇق (يۇقىرى مەرتىۋە)قا ئېرىشەلمەيدۇ.

## 47

بەدەننى ھەر خىل مەشغۇلاتلار بىلەن چېنىقتۇرۇش غايەت پايدىلىقتۇر. ئەگەر بەدىنىڭ بوشاڭلىق، ئاجىزلىق كۆرسەتسە، سەن ئۇنى ئىختىيارىڭغا قويۇپ بەرمە، بەدىنىڭنى خىزمەت قىلدۇر، تېنىڭنى ھۇرۇنلۇققا ئۆگەتمە، ئەگەر ئۆز ھالىغا قويۇپ بەرسەڭ، سۇسلۇق ـ بوشاڭلىق پەيدا بولۇپ، بارا ـ بارا بەدىنىڭ ساغا بويسۇنمايدۇ.

## 48

ئەگەر سەن قانداق يول بىلەن بولسۇن بەدىنىڭنى ئۆزۈڭگە بويسۇندۇرالىساڭ، باشقا ئادەملەرنىمۇ بويسۇندۇرالايسەن. ھەرقاچان ئۆز بەدىنىڭنى ئۆزۈڭگە

بويسۇندۇرساڭ ۋە ھۈنەر (ئىلىم ـ كەسىپ) ئۆگەنسەڭ، جەزمەن بىلىشىڭ لازىمكى، ئىككىلا جاھاندا خاتىرجەم بولىسەن. شۇنداق ئىكەن، ئىلىم، ھۈنەر ئۆگىنىشنى ۋە بەدىنىڭنى ئۆزۈڭگە بويسۇندۇرۇشنى دۇنيادا ئامانلىق ئۈچۈن غەنىيمەت بىل.

## 49

ئادەم ۋاقتىنىڭ ئوغلى بولۇشى كېرەك، يەنى ھەر ئادەم ئۆزى ياشىغان ۋاقىتقا قاراپ ئىش قىلىشى كېرەك. بىر ئىشنى قىلىش بىلەن زىيان كېلىدىغان بولسا، ئۇ ئىشنى قىلمىغان ياخشى.

## 50

ھەي ئوغۇل، تارتىنچاق بولمىغىن، ئىشلىرىڭدا يېتەرسىزلىك بولمىسۇن ۋە پايدىلىق ئىشىڭدا زىيان بولمىسۇن. كۆپ ئىشلار بولىدۇكى، تارتىنىپ تۇرساڭ، مەقسىتىڭ ھاسىل بولمايدۇ. بۇنداق ئىشلاردا تارتىنماسلىق كېرەك. ئەمما، مەنىسىز سۆز ـ ھەرىكەتتىن، خەسىسلىكتىن ۋە خىيانەتچىلىك، يالغانچىلىقتىن ھايا قىلىش كېرەك. يامان ئىشلارنى قىلىشتىن ئۇيالماق كېرەك. بىراق، گۇناھ بولمايدىغان سۆز ـ ھەرىكەتلەردە ھايا قىلىپ، تارتىنىپ تۇرساڭ، مەقسىتىڭ ھاسىل بولمايدۇ، تارتىنىش رىزىققا توسالغۇ بولىدۇ. ھايا قىلىدىغان ۋە قىلمايدىغان ئورۇننى بىلىش كېرەك. ساۋاب ۋە پايدا بولىدىغان ئورۇنلاردا ھايا

قىلماسلىق كېرەك. ئەمما، خەلق ئالدىدا، تەڭرى ھۇزۇرىدا، خەلق سۆيگەن ئوغلانلار ئالدىدا ھايا قىلىش كېرەك. ئاقىل - دانا كىشىلەرنىڭ ھەربكىتى ئەنە شۇدۇر.

## 51

ئىلىم - مەرىپەتنى يوق كىشىنى ئادەم ئورنىدا قويما ۋە ئادەم قاتارىدا ھېسابلىما. مۇنداق ئادەم بىلەن ھەمسۆھبەت بولما، بولۇپمۇ ئۆزىنىڭ نادانلىقىنى ئىلىم ئورنىغا قويىدىغان ئادەملەر بىلەن ھەمسۆھبەت بولماسلىق لازىم.

## 52

ئالىملار ۋە نادانلار بىر - بىرىگە قارشىدۇر. چۈنكى، ئالىمغا خاس بولغان ئىشنى نادانلار ياخشى كۆرمەيدۇ. نادانلارنىڭ ئىشىنىمۇ ئالىملار ياخشى كۆرمەيدۇ. نادانلار ئالىمغا دۈشمەن. چۈنكى، نادان كىشى ئالىم بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئىلىمنىڭ ئەسلىنى بىلمەيدۇ.

## 53

نادانىنىڭ سېنى ماختىشى ئالىمنىڭ نەپرەتلىنىشىنى كەلتۈرىدۇ.

## 54

ھەي ئوغۇل، بەك ياۋاش ۋە بەك جىددىي (ئالدىراڭغۇ) بولما، ئارتۇقچە ياۋاش بولساڭ، باشقىلار سېنى باسىدۇ، زىيادە

جىددىي، ئالدىراڭغۇ بولساڭ، باشقىلار سەندىن قاچىدۇ. «ياۋاش بولساڭ باسارلار، يامان بولساڭ ئاسارلار.» ياۋاشلىق ۋە ئۆتكۈنلۈكنىڭ ئارىسىدا مۆتىدىل بول، شۇندىلا خەلققە دوست بولالايسەن. خەلققە دوست بولساڭ، ھاجەتلىرىڭ راۋا بولىدۇ. خەلق سېنى يامان ئىشلارغا باشلىمايدۇ.

## 55

شەھەر ۋە يېزىدا تۇرساڭ، ياخشى كىشىلەرنىڭ مەھەللىسىدە تۇر.

## 56

ئەگەر نادانلىقتىن خالاس بولاي دېسەڭ، قانچىلىك ھۈنەر ـ ئىلىم، پەزىلىتىڭ بولسا، ھامان بىلمەيمەن دېگىن، چۈنكى ھۈنەر ـ پەزىلەت ئىگىلىرىگە بىلمەيمەن دېگەندىن ئۇلۇغ پەزىلەت يوق.

## 57

كۆپ ۋاقىتلاردا ئۆز پىكرى بىلەن ئىش قىلغان كىشى ئاخىر پۇشايمان قىلىدۇ. ئەقىللىق قېرىلار، شەپقەتلىك دوستلار بىلەن كېڭەشىپ ئىش قىل.

## 58

ئىككى كىشىنىڭ ئەقلى بىر كىشىنىڭ ئەقلى بىلەن باراۋەر ئەمەس. چۈنكى، ئىككى كۆز بىلەن كۆرۈش بىر كۆز

بىلەن كۆرۈشكە تەڭ ئەمەس. بىلىشنىڭ كېرەككى، بىر تېۋىپ ئاغرىپ قالسا، ئۆزىگە داۋا قىلالمايدۇ. چۈنكى، ئۇ ئۆزىنى - ئۆزى داۋالىسا، كېسىلىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىككىنچى بىر تېۋىپتىن ياردەم تەلەپ قىلىشقا موھتاج بولىدۇ، ئەگەر داۋالاشقا ياردەم سورىغۇچى تېۋىپ داۋالىغۇچى تېۋىپتىن ئالىم بولسىمۇ، كېسەللىكى سەۋەبلىك ئۆزىگە ئۆزى داۋا قىلىشقا قادىر بولالمايدۇ، باشقا ئىشلارمۇ مۇشۇنداق، ھەر كىم بىر ئىش ۋاقتىدا نېمە قىلىشنى بىلەلمىسە، باشقا كىشىلەرنىڭ ياردىمىگە موھتاج بولىدۇ.

## 59

سەندىن ياردەم تەلەپ قىلغۇچى ئەگەر دۈشمىنىڭ بولسىمۇ ياردەم قىلىشنى رەت قىلما، ياخشىلىقنى ئايىما، ئېھتىمالكى، ئۇنىڭ دۈشمەنلىكى دوستلۇققا ئۆزگىرىدۇ.

## 60

ھەرقانچە بىلىملىك بولساڭمۇ ئۇلۇغلارغا ھۆرمەت قىلىپ ئەدەپ ساقلا.

## 61

گۈزەل، ياخشى سۆزلەش ھەركىمگە ۋاجىپ(زۆرۈر).

## 62

ئۆزۈڭ ياخشى سۆزلەش ۋە سۆزلىگەن كىشىنىڭ سۆزنى

ياخشى پەملەش زۆرۈر ئىش.

## 63

ئەگەر ھەق، توغرا سۆز بولسىمۇ يالغانغا ئوخشاپ قالىدىغان بولسا، مۇنداق سۆزنى سۆزلىمە، بەزى كىشىلەر ئىشەنمەيدىغان سۆزنى سۆزلىمە. چۈنكى، توغرا سۆز يالغانغا ئوخشاپ قالسا، يالغان بولىدۇ. بەزىبىر ھاللاردا بىر يالغان سۆز ھەق، توغرا سۆزگە ئوخشىسا، ھەق سۆزدىن ئۆتۈپ كېتىدۇ.

## 64

ھەي ئوغۇل، بىلگىنكى، سۆز تۆت تۈرلۈك بولىدۇ: بىر تۈرلۈك سۆز باركى، بىلىپ قويۇشۇڭ كېرەك، ئەمما، سۆزلىمە؛ يەنە بىر تۈرلۈك سۆز باركى، بىلمە ھەم سۆزلىمە؛ يەنە بىر تۈرلۈك سۆز بار، بىلىۋال ھەم سۆزلە؛ يەنە بىر تۈرلۈك سۆز باركى، سۆزلەيسەن بىلمەيسەن.

بىل، سۆزلىمە دېگىنىم شۇكى، بىراۋنىڭ ئەيىبىنى بىلسەڭمۇ سۆزلىمە، بۇ غەيۋەت دېيىلىدۇ. ئەقىللىق ئادەملەر بۇنداق غەيۋەت سۆزنى بىلسىمۇ سۆزلىمەس. بىلمە ھەم سۆزلىمە دېگىنىم شۇكى، ئۇنى سۆزلىسەڭ دۇنياۋى ئىشلىرىڭغا زىيان كەلتۈرىدۇ. بۇنداق سۆزنى بىلىش ۋە سۆزلەشتىن ساقلىنىش كېرەك. بۇ سۆز يالغان سۆزدۇر؛ بىل ۋە سۆزلە دېگىنىم، كىشىنىڭ دۇنياسىغا پايدىلىق سۆزلەر.

## 65

ھەرقاچان خەلققە سۆزلىسەڭ گۈزەل، يېقىملىق تەلەپپۇز بىلەن سۆزلىشىڭ كېرەك، شۇنداق بولغاندا، سۆزۈڭنى خەلق قوبۇل كۆرىدۇ. خەلق سېنىڭ قانچىلىك كىشى ئىكەنلىكىڭنى سۆزۈڭدىن بىلىۋالىدۇ. بىلىش لازىمكى، ئادەم سۆزى ئاستىدا يوشۇرۇنغان بولىدۇ، سۆزلىمەي تۇرۇپ كىم ئىكەنلىكى بىلىنمەيدۇ.

## 66

گۈزەل، كۆركەم سۆزنىڭ سۆزلىگۈچىگىمۇ پايدىسى بار؛ ئاڭلىغان كىشىنىڭمۇ دىلىغا ھۇزۇر بېغىشلايدۇ. يامان سۆزنىڭ سۆزلىگۈچىگە زىيىنى بار، ئاڭلىغان كىشىگە ياقمايدۇ.

## 67

بىر كىشى سۆزنىڭ مەنىسىنى بىلىپ سۆزلىمىسە، تۇتىقۇشقا ئوخشاش بولىدۇ. چۈنكى، تۇتىقۇش ئادەمگە ئوخشاش چىرايلىق ، ئېنىق سۆزلەيدۇ، ئەمما ئۆزى سۆزلىگەن سۆزدىن خەۋەرسىزدۇر.

## 68

سۆز ــــ ئۇلۇغ شەرەپتۇر، سۆزنى ئۇلۇغ بىلىشىڭ كېرەك. سۆز شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلۇغكى، ئىنساننىڭ كۆڭلىدىن كېلىپ

چىقىدۇ. بۇ ئەزىز نەرسىنىڭ ئورنى كەلگەندە بىلگىنىڭنى ئايىماي سۆزلە، ئورنى كەلمىگەندە ياخشى سۆزۈڭنى زايە قىلما. مەنىسىز سۆزلەرنى سۆزلىمە، ئەقلىڭگە ۋە ئىلمىڭگە زىيان كەلمىسۇن.

## 69

كىشىنىڭ خاپا بولۇپ تۇرغان ۋاقتىدا مەسىلە سورىما. ئەگەر سېنىڭ خاپا بولۇپ تۇرغان ۋاقتىڭدا بىراۋ مەسىلە سورىسا، سۆزىگە قاراپ جاۋاب بەر، ئەقلىڭ يەتمەس سۆزنى سۆزلىمە، كۈچۈڭ يەتمەس ئىشقا ئىسلىما. ھەر ئىشتا ئوتتۇرا ھاللىقنى كۆزدە تۇتۇش كېرەك.

## 70

جامائەت بار يەردە، مەجلىستە بىرىگە سۆزۈڭ بولسا، ئاشكارا سۆزلە، زۆرۈر بولمىسا، پىچىرلاپ سۆزلىشىشنىڭ ھېچ پايدىسى يوق.

## 71

ھەر تۈرلۈك سۆزنى ئاڭلىساڭ گوياكى ئاجىزلىقتىن كۆچلەنگەندەك ئاڭلىغىن. بۇ سۆزلەر مەيلى كېرەككە كەلسۇن-كەلمىسۇن، جېنىڭ، تېنىڭ بىلەن ئاڭلا. چۈنكى، سۆز بىر سەدەپكە ئوخشايدۇ. ئۇ كۆڭۈل دەرياسىدىن چىقىدۇ. ئەگەر ھەربىر سەدەپنىڭ ئىچىدە ئۈنچە - مەرۋايىت بولمىسىمۇ، ئەمما ئېھتىمالى بار. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەربىر سەدەپكە دىققەت

بىلەن قاراش لازىم.

## 72

ئەگەر بىر گۇرۇھنىڭ ئىچىدە بولساڭ، سۆزۈڭنىڭ توغرىلىقى ئۈچۈن قانچىلىك دەلىل ـ پاكىت كەلتۈرسەڭمۇ سۆزۈڭنى ئاڭلىمىسا، قارشىلىق كۆرسىتىپ قوبۇل قىلمىسا، مۇنداق شارائىتتا مەزكۇر گۇرۇھنىڭ ئىرادىسىگە مۇۋاپىق سۆزلىشىڭ لازىم. شۇ يول بىلەن ئۇلار ئارىسىدا جېنىڭنى قۇتۇلدۇرغايسەن.

## 73

ئۆزۈڭنى سۆزۈڭدىن ئۇلۇغ كۆرسەتمە، ئۆزۈڭنى سۆزۈڭدىن ئۇلۇغ كۆرسەتسەڭ سۆزۈڭ خار بولىدۇ.

## 74

ئۆزۈڭنى قانچىكى تۆۋەن تۇتساڭ ياكى يۇقىرى تۇتساڭ خەلق سېنىڭ مىقدارىڭنى بىلىدۇ.

## 75

كۆپ كىشىلەر سۆز سەۋەبىدىن كېسەل بولىدۇ. ئاز سۆزلەش — ئەقىللىقلىقنىڭ ئالامىتى. كۆپ سۆزلەش — نادانلىق (بىلىمسىزلىك) نىڭ ئالامىتى.

## 76

كىشى ئۆزى ئۈچۈن گۇۋاھلىق بەرسە، گۇۋاھلىقى قوبۇل

قىلىنمايدۇ، ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ، سېپىنى خەلق مەدھىيىلىسۇن.

## 77

گەرچە يىگىت بولساڭمۇ، قېرىلارچە ئەقىللىق بول.

## 78

بالايىئاپەت نادانلىقتىن كېلىدۇ.

## 79

يىگىتلەر يىگىتلىك ۋاقتىدا ئىچىملىك ئىچمەي مەست هالدا يۈرىدۇ. ئۇلار شارابسىز مەستلىك، غاپىللىق، مەغرۇرلۇق بىلەن بىر خاتا سۆز قىلسا، قېرىلار ئۇنى مەنئى قىلىدۇ، نەسىھەت قىلىدۇ، قېرىلار يىگىتلەردىن كۆپرەك بىلىدۇ.

## 80

قېرىلارنىڭ مەرىپىتى ياشلارنىڭ مەرىپىتىدىن ئارتۇقراقتۇر.

## 81

ئۆمرىنى ئىلىم - مەرىپەت يولىدا، ئۇلۇغ ئالىملار سۆھبىتىدە ئۆتكۈزگەن ئالىم مەرىپەتلىك قېرىلاردۇر. نادان، ئۆمرىنى نادانلىقتا ئۆتكۈزگەن قېرىلار بۇنىڭ دائىرىسىگە كىرمەيدۇ.



www.uyghurkitap.com

## 82

ئەگەر مەرىپەتلىك، ئالىم يىگىت بولسا، نادان قېرىدىن ئۇلۇغ ۋە ئارتۇقتۇر.

## 83

قېرىلىقتا يىگىتلىككە ھەۋەس قىلغان كىشىنىڭ ھالى كىيمە ئۇستىگە ساراي بىنا قىلغان كىشىنىڭ ھالىغا ئوخشايدۇ ياكى قېرى كىشىنىڭ يىگىتلىك قىلغىنى جەڭدە مەغلۇپ بولۇپ قاچقان قوشۇننىڭ قېچىپ كېتىۋېتىپ كاناي چالغىنىغا ئوخشاشتۇر.

## 84

قېرىغاندا قېرىلارچە ھەرىكەت قىل.

## 85

تۇرمۇش مەئىشىتىڭ ياخشى ئۆتكەن يەرنى تاشلاپ كەتسەڭ ناشۇكۇرلۇك بولىدۇ.

## 86

بىر ياخشى نەرسىگە ئېرىشسەڭ ئۇنىڭدىنمۇ ياخشى نەرسىگە ئېرىشىمەن دەپ قولۇڭدىكىدىن ئايرىلىپ قالمىغايسەن. ھەي ئوغلۇم، ئۆمرۈڭنى تەربىيىسىز ئۆتكۈزمە. شۇ چاغدىلا دوست ـ دۈشمىنىڭگە ھەيۋەتلىك كۆرۈنىسەن.

## 87

خەلق ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ: بىرى، خاس كىشىلەر؛ يەنە بىرى، ئامما. چۈنكى، ئاممىنىڭ ئىشلىرىدا تەرتىپ، تەكەللۇپ ئاز ياكى يوقتۇر. ئاۋام (ئامما) جۈملىسىدىن بولغان كىشى قىلىدىغان ئىشلىرىغا ۋاقىت بەلگىلىمەي، قاچان بولسا شۇ ۋاقىتتا ئىشلەيدۇ. خاسلار جۈملىسىدىن بولغان كىشى كېچە - كۈندۈز 24 سائەت ئىچىدە ھەربىر ئىش ئۈچۈن بىر ۋاقىت بەلگىلەيدۇ. ئۇنىڭ ئىشلىرى بىر - بىرىگە ئارىلىشىپ كەتمەيدۇ. ھەربىر ئىش رەت - رېتى بىلەن ئايرىم - ئايرىم بولىدۇ. ھەممە ئىشنىڭ بېشى يېمەكلىكتۇر. يەنە بىلىشىڭ لازىمكى، خاس كىشىلەر ۋە ئاۋام كىشىلەر ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ. ئۇنىڭ بىرى، بازار ئەھلى ۋە ئېلىم - سېتىم ئىشى بىلەن مەشغۇل بولغۇچىلار. مۇنداق كىشىلەرنىڭ كۆپرەكى ئاش - غىزانى ئاخشامدا يەيدۇ. مۇنداق ئاخشامدا تاماق يېيىش زىيانلىقتۇر. چۈنكى، تاماقنى يەيدۇ، ھەزىم قىلىنماستىن بۇرۇن ئۇخلايدۇ. خەلقنىڭ يەنە بىر تۈرلۈكى ئەسكەر ئەھلىدۇر. بۇلارنىڭ ئادىتى قاچان تاماق يېيىش توغرا كەلسە، شۇ چاغدا يەيدۇ. چۈنكى، ئۇلار كۆپرەك سەپەردە بولۇپ، نەدە تاماق ئۇچرىسا شۇ يەردە يېمەي بولمايدۇ. ئەمما، خاسلارنىڭ ئادىتى بىر كېچە - كۈندۈزدە بىر قېتىم تاماق يېيىش. بۇ ئادەت سالامەتلىكنى ئىزدىگەنلەرنىڭ ئادىتىدۇر. لېكىن، مۇنداق تاماقلىنىش بەدەننى ئاجىزلاشتۇرىدۇ. كۈچ - قۇۋۋەتنى

كېمەيتىدۇ.

## 88

تاماقلىنىشتا ياخشى تەرتىپ شۇكى، ئەتىگەندە سەپرانى دەپئى قىلغۇدەك ئازراق تاماق يەپ، ئىشقا مەشغۇل بولۇش لازىم. تاكى پېشىن(چۈش)ۋاقتى بولغاندا تاماقلىنىش لازىم. يېگەن تاماق ھەزىم قىلغۇدەك بولسۇن، ھەزىم قىلالمايدىغان دەرىجىدە كۆپ تاماق يېمەسلىك كېرەك.

## 89

ئەگەر ئۆيۈڭدە مېھمان قوبۇل قىلساڭ، تاماق يەيدىغان مېھمانلار كېلىپ داستىخانغا ئولتۇرۇشتىن ئىلگىرى تاماقنى داستىخانغا ئەكېلىپ قويما.

## 90

تاماق يېگەندە ئالدىرىماي، ئاستا - ئاستا يېيىشنى ئادەت قىل. تاماق يېگەندە بېشىڭنى تۆۋەن تۇتقىن. كىشىنىڭ يۈزىگە ۋە قولىغا ئالغان، ئاغزىغا سالغان لوقمىسىغا كۆز سالما. كىشىنىڭ قولىدىكى لوقمىسىغا قاراش ناھايىتى چوڭ ئەيىبتۇر.

## 91

تۇرلۇك تاماق ھازىرلانسا بىردىن - بىردىن يېيىش لازىم بولسا، بىر تۇرلۇك تائامنى مېھمان يەپ بولۇپ توختىشىغا

يەنە بىرخىل غىزانى ئالدىراپ ئىلىۋەت دېمە، ئۇ تائام داستىخاندا بىر ئاز تۇرسۇن، ئاندىن كېيىن ئىككىنچى تائامنى ئېلىپ كېلىش كېرەك. چۈنكى، بەزىلەرنىڭ بىرىنچى خىل تائامغا ئىشتىھاسى بولۇشى مۇمكىن. ئىككىنچى تائام تەبئىتىگە ياقمايدىغان بولسا، يېيەلمەي ئاچ قالمىسۇن. تاماقنى بەزى ئادەملەر تېز، بەزى ئادەملەر ئاستا يەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تاماقنى تېز ئېلىۋېتىش ياخشى ئەمەس. كۆپچىلىك بىلەن تاماق يېگەندە، سېنىڭ ئالدىڭدا تاماق بولۇپ، باشقىلارنىڭ ئالدىدا تۈگىگەن بولسا، ئۇلارنىڭ ئالدىغا تاماقتىن نېسىۋە بەرگىن. مېھمان بىلەن ياكى كۆپچىلىك بىلەن تاماق يېگەندە خىزمەتچىلىرىڭنى چاقىرما ۋە خىزمەتچىلىرىڭگە ئاچچىقلانما. تاماق پىشىپتۇ، پىشماپتۇ، تۇزسىز، تۇزلۇق بولۇپ قاپتۇ دەپ كايىما. بۇلار تاماق يېيىشنىڭ تەرتىپ قائىدىسىدۇر.

## 92

ياشلىقىڭغا مەغرۇرلىنىپ ئىچىپ قالساڭ، ھەرقاچان تائامنى يەپلا ئىچىشكە باشلىما، ئاۋۋال تاماق ھەزىم بولسۇن. تائام ئاشقازاندا ھەزىم بولماي تۇرۇپ، شاراب، ھەتتا سۇ ئىچىسىمۇ توغرا ئەمەس، ئەگەر ئارتۇقچە ئۇسساپ كەتسەڭ، ھېچبولمىغاندا ئىككى سائەتتىن كېيىن سۇ ئىچ، تاكى تەبئىتىڭ تائامدىن بەھرە ئالسۇن ۋە يېگەن تائامنىڭ قۇۋۋىتى تەنگە سىڭسۇن.

## 93

مەست بولۇپ لەلەڭشىپ، لاۋزىلىشىپ يۈرۈش ناھايىتى زور ئەيىبتۇر.

## 94

كىشى ئۆز ئۆيىدە — تۆت تام ئىچىدە ئۆز مەملىكىتى ئىچىدىكى پادىشاھقا ئوخشايدۇ.

## 95

شارابنى كۆپ، مەست بولغۇچە ئىچكەننىڭ ئىككى تۈرلۈك زىيىنى بار: بىرى، ھەممە ئەزالىرىڭ ئىختىيارسىز ھەرىكەتلىنىدۇ. تىلىڭ دېمەيدىغاننى دەيدۇ. پۇتۇڭ بارمايدىغان جايغا بارىدۇ. قولۇڭ تۇتمايدىغان نەرسىنى تۇتىدۇ. كۆزۈڭ قارىمايدىغان نەرسىگە قارايدۇ. ئاغزىڭ يېمەيدىغاننى يەيدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۆز ئەزالىرىڭ بىلەن ئۆزۈڭنىڭ كىشىلىك ئىززىتىڭنى يەرگە ئۇرۇپ، رەسۋا بولىسەن. ئىككىنچى، شاراب تەسىرى بىلەن مېڭە، جىگەر، يۈرەك زەھەرلىنىپ، ساغلام بەدەننى زورلاپ كېسەلگە گىرىپتار قىلىسەن. ھەرقاچان مەست بولساڭ، بەدەنلىرىڭ زەھەرلىنىپ كېسەلگە مۇپتىلا بولىسەن. ئەقلىڭدىن ئايرىلىسەن.

## 96

كېچىدە ئىچكەن شارابنىڭ مېڭىدىكى تۇمانلىق گاز

تەسىرى چىقماي تۇرۇپ، ئەتىگەنلىك شاراب ئىچسەڭ ئىككى خۇمار بىرلىشىپ مالىخۇلىيا (ئەقلىدىن ئازغان نېرۋا كېسىلى)گە گىرىپتار بولىسەن. بۇ كېسەل — ساراڭلىقنىڭ بىر تۈرىدۇر.

## 97

ھەرقاچان مۇساپىر مېھمانلار ئالدىڭغا كەلسە، ئالدىغا چىقىپ كەمتەرلىك بىلەن ئىززەت قىلغىن ۋە ھەربىرىگە ئورۇن كۆرسەت، مېھمانلىرىڭ بىلەن يۇمشاق، مۇلايىم سۆزلەشكىن. چۈنكى، تاتلىق سۆز تاتلىق يېمەكلىكلەردىن ئارتۇقراقتۇر.

## 98

مېھماننى تولا تەكەللۇپ بىلەن قىستاپ تەكلىپ قىلساڭ، ئۆيلىپ تائام يېمەي، داستىخاندىن ئاچ كېتىدۇ. ئەگەر ئۆيۈڭگە مېھمان كەلسە ئالدىغا تائام كەلتۈرۈپ قويۇپ، كىرىپ ـ چىقىپ يىراق تۇرۇش لازىم. مېھمان تائام يەپ بولغاندىن كېيىن خۇش پۇراقلىق سۇ ئەكېلىپ، مېھماننىڭ قولىنى يۇدۇرۇش كېرەك.

## 99

مۇساپىرلارغا ئوچۇق سۆزلۈك ۋە تاتلىق سۆزلۈك بولغىن، ئاچچىق سۆزلىمە، كىنايە سۆز قىلما. قۇدرىتىڭ يەتسە مۇساپىرغا ئىنئام ـ ئېھسان قىل.

## 100

ئورۇنسىز كۈلۈمسىرەش ــــ ساراڭلىقتۇر، ئورۇنلۇق كۈلۈش ئاقىللىق ۋە ئەدەپلىكتۇر.

## 101

مېھمان بار يەردە ئەھلى ئايال، بالىلىرىڭغا ئاچچىقلانما، چۈنكى مېھماننىڭ كۆڭلى سەندىن رەنجىمىسۇن.

## 102

ئەخمەق، نادان، ھاياسىز مېھمانغا ھۆرمەت قىلىشقا بولمايدۇ. ھەرقانداق نائەھلى نادانىنى ھۆرمەتلىسەڭ ئۆيۈڭگە كىرىپ نازۇنېمەتلىرىڭنى يەپ بولۇپ ئۆيۈڭدىن چىققاندا غەيۋىتىڭنى قىلىدۇ. گۆشۈڭنى يەپ ئۈستۈڭدىن شىكايەت قىلىدۇ. مۇنداق ئادەملەرنى مېھمان قىلىشقا، ھۆرمەتلەشكە بولمايدۇ.

## 103

ئەگەر مېھماندارلىققا بارساڭ، بەك ئاچ قورساق بارما، بەكمۇ توق بارما. چۈنكى، مېھمان بولۇپ بېرىپ بىرنەرسە يېمىسەڭ، ئۆي ئىگىسىنىڭ كۆڭلى يېرىم بولىدۇ. ئەگەر بەك ئاچ بېرىپ كۆپ يېسەڭ، ئۆزۈڭنى ئەيىبلەشكە سەۋەب بولىدۇ، ئوتتۇرا ھال بارغىنىڭ ياخشى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## 104

كۆپ كۈلۈش، بىر سۆزنى قايتا ـ قايتا سۆزلەش، ئادەمگە ئېسىلىۋېلىش، ئادەمنى رەنجىتىش، مەنىسىز كۆپ سۆزلەش، ئەدەپسىزلىك قىلىش، قاباھەتلىك (ناچار) سۆزلەش، يىغلاش قاتارلىقلار مەستلەرنىڭ سۈپىتى بولۇپ، يەنە بىر ھېسابتا ساراڭلىقتۇر.

## 105

قىمار — ھارامدۇر، قىمارۋازلىقتىن قەتئىي ساقلان. قىمارۋازلىق قىلىپ نام چىقارغان ئادەملەر بىلەن شاھمات، دامكا ئوينىساڭ قىمارۋاز دەپ مەشھۇر بولىسەن.

## 106

ئەگەر ئويۇن ئۇستىدە لەتىپە ـ چاقچاق قىلىشساڭ، لەتىپە لەتىپە قائىدىسىدە بولسۇن، بەزى گۈزەل ئىش، گۈزەل سۆزلەر بىلەن بولسۇن. بۇ ئەيىب ئەمەس، بەلكى سۆزلىگۈچى ۋە ئاڭلىغۇچىنىڭ كۆڭلىگە ياقىدۇ.

## 107

لەتىپە ـ چاقچاقنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغان كىشىلەر بىلەن چاقچاقلاشساڭ، ھۆرمىتىڭگە نۇقسان يېتىدۇ، ھەرقاچان لەتىپە ـ چاقچاق قىلىشساڭ، ھەم تەڭ باراۋەرىڭدىكى كىشىلەر بىلەن قىلىش. قايسى ھالدا بولسۇن،

لەتىپە ـ چاقچاقنى ئاز سۆزلىگەن ياخشى.

108

دۈشمىنىڭ بولسىمۇ بوھتان قىلما، سېنىڭ بوينۇڭغا ئۇنىڭ ھەققى يۈكلەنمىسۇن. دۈشمىنىڭنىڭ ئەيىبىنى ئۇچۇق بىلسەڭمۇ سۆزلىمە. توغرا بولغان تەقدىردىمۇ تۆھمەتتىن خالىي بولالمايسەن.

109

دۈشمىنىڭ ناچار ـ يامان سۆزلىسە، سەن ياخشى سۆزلە، سېنىڭ ھۆرمىتىڭگە نۇقسان يەتمىسۇن.

110

شاراب ئىچىش، چاقچاقلىشىش ۋە ئىشقۋازلىق قىلىش — نادانلارنىڭ ئىشىدۇر، ھەربىر ئىشنى ئۆلچەم بىلەن قىلىش لازىم. ئەگەر ئاقىۋەتنى ھېسابقا ئېلىپ قىلمىسا، ئادەم تېز رەسۋا بولىدۇ.

111

ئەگەر ئاشىق بولساڭ، ھېچقاچان كۆڭۈلگە ۋە ھاۋايى ـ ھەۋەسكە ئەگەشمە.

112

نەپسى شەھۋانىي بۇزۇق يولغا مېڭىش — ئەقلى بار

ئادەمنىڭ ئىشى ئەمەس.

### 113

ئاشىقمەن دېگۈچىنىڭ سۆيگىنى بىلەن بىر يىل كۆرگەن راھىتى بىر كۈنلۈك پىراق ـــ جۇدالىق (ئايرىلىش)جەبىر - جاپاسىغا ئەرزىمەيدۇ.

### 114

ئىشق دەردى داۋاسىز دەردتۇر. چۈنكى، ئەگەر سۆيگىنىڭدىن ئايرىلساڭ ئازاب ئىچىدە قالىسەن، ئەگەر مەشۇقۇڭ (سۆيگىنىڭ) بىلەن ئۇچراشساڭ، ئۇ يامان خۇلقلىق بولسا، (قەدرىڭنى بىلمىسە) تېخىمۇ ئازاب - خارلىق ئازابىنى چېكىسەن. سېنىڭ ئىشق باغلاپ ياخشى كۆرگەن مەشۇقۇڭ پەرىشتە - ھۆر سۈپەت بولسىمۇ، خەلق ئىچىدە مالامەت - نەپرەتتىن خالىي بولالمايسەن. ئەگەر سېنىڭ ئاشىقلىقىڭنى خەلق بىلسە، سېنىڭ مەشۇقۇڭ ھەققىدە يارىماس - يامان سۆزلەرنى قىلىشىدۇ.

### 115

ئادەم بىر گۈزەلنى بىر قېتىم كۆرۈش بىلەنلا ئاشىق بولمايدۇ. ئەگەر تەكرار كۆرسە ئىشق مۇستەھكەملىنىدۇ، «كۆز كۆرگەندە مايىل قىلىدۇ»، كۆپ كۆرگەندىن كېيىن ھېرىس (ئامراق) بولىدۇ. ئەگەر سەن كۆڭلۈڭگە رۇخسەت بەرسەڭ، كۆڭلۈڭ بىر كۆرۈش بىلەن قانائەتلەنمەيدۇ. يەنە بىر قېتىم

كۆرۈشــنى ئــزدەيدۇ، يەنــە بــر كۆرســەك ئۇچــنچى قېــتىم كۆرۈشــكە ئىنــتىلىدۇ. ئــاخىرى تۈگــمەس دەردكــە مۇپــتىلا بولىــسەن. بولۇپمۇ مــەھبۇبىڭنى ئــۆز كــۆزۈڭ بىلــەن كۆرســەڭ، قۇلىقىــڭ بىلــەن ســۆزىنى ئاڭلىســاڭ، ســەندىن ئــارام راھــەت كېــتىپ، مىھنــەت كــېلىدۇ. ســەن كىرگــەن ئىشــق بــازىرىدا زەرەردىن باشقا نەرسە هاسىل بولمايدۇ.

## 116

دوستلارنىڭ ئۆزئارا مۇھەببىتى بىر تۈرلۈك ئاشىقلىقتۇر، ئۆزۈڭگە بىــر كىشــىنى دوســت تۇتۇشــنى ئىزدىســەڭ شــۇنداق كىشىنى دوست تۇتقىنكى، ساڭا ھەر زامان خەيرخاھ بولسۇن، ياخشــىلىق قىلســۇن، مۇنــداق كىشــگە دوســتلۇق قىلســاڭ بولىدۇ.

## 117

ئادەمگــە تــۆت نەرســە لازىــم: بىــرى، دوســتلۇق قىلىشــنىڭ ســەۋەبىنى بىلىــش؛ ئىككىــنچى، هايــا ۋە ئــەدەپ ئىگــىلىرى ئارىسىدا ئۆمۈر كەچۈرۈش؛ ئۈچىنچى، ئىلىم ـ مەرىپەت ئەھلى بولغۇچى كىشىلەرنىڭ نەسىھىتىنى قۇلاقتا تۇتۇش؛ تۆتىنچى، دوستىنى دوستلۇق ھۆرمەت ئورنى بىلەن دوست تۇتۇش، ئەمما نــان، ئــاش، مەنپــەئەت دوســتى بولمىســۇن. ھــەقىقىي دوســت بولسۇن. جېنى ۋە كۆڭلىدىن ساڭا دوستلۇق قىلسۇن.

## 118

ئاشىقلىقتا كىشىنىڭ ۋاقتى ھېچقاچان خۇش بولمايدۇ،

ئەمما دوستلۇقتا خۇشاللىق بولىدۇ. ئاشىقلىق ئوتى دائىم يالقۇنلاپ كۆيدۇرۇپ، ھالاك قىلىدۇ.

## 119

قىرىغاندا ئاشىق بولۇش — زور ئاپەتتۇر. چۈنكى، كىشى يىگىتلىك ۋاقتىدا «ئاشىق» بولسا، خەلق ئۇنى كەچۈرۈشى مۇمكىن، كۆپ تەنە قىلمايدۇ. ئەمما، قېرىلار ئاشىق بولسا (يىگىتلەردەك ھەۋەس قىلسا)، ھېچقاچان كەچۈرمەيدۇ.

## 120

ئەگەر ئاشىق بولساڭ سۆيۈشكە لايىق بولغانغا ئاشىق بول؛ ھۆسن ـ جامالى، ئەقلى ـ كامالى، ئىلىم ـ مەرىپىتى بولسۇن. چۈنكى، ئىشق بىر ئوتتۇر، ئۇ گۈزەللىكتىن پەيدا بولىدۇ. كۆركەم خۇلق سۈزۈك ـ تاتلىق سۇدۇر. ئۇ مەرىپەتتىن ھاسىل بولىدۇ. سېنىڭ ئىشق باغلىغان مەشۇقۇڭدا بۇ ئىككى خىسلەت بولۇشى زۆرۈر. ئۇنىڭ گۈزەللىكى، ھۆسن ـ جامالى سېنى كۆيدۈرسە، مەرىپىتىنىڭ سۈزۈك سۈيى ئوتنى ئۆچۈرىدۇ، پەسەيتىدۇ. ئەگەر سۆيگىنىڭ غايەت گۈزەل، ھۆسن ـ جاماللىق، بەك نازىنىن بولسا، خۇلقى ـ قىلىقى كۆركەم بولسا، خەلقنىڭ ساڭا نارازىلىقى بولمايدۇ، ئەپۇ قىلىدۇ، كەچۈرىدۇ. خەلق ھەردائىم بىر ـ بىرىنىڭ ئەيىبىنى ئىزدەيدۇ.

## 121

ۋاقىتسىز قالايمىقان جىما قىلىش ھايۋانلارنىڭ

ئىشىدۇ. جىمانى بەدەندە قۇۋۋەت تولۇق بولۇپ، كۆڭۈل تەقەززا قىلغان چاغدا قىلىش مۇۋاپىق. كۆڭۈل، بەدەندىكى قۇۋۋەت تەقەززا قىلماي تۇرۇپ زورلىنىپ جىما قىلىش، ئىسسىق مۇنچىدا، ئىسسىق كۈنلەردە ياكى قاتتىق سوغۇق كۈنلەردە جىما قىلىش بەك زىيانلىقتۇر، بولۇپمۇ قېرىغاندا مۇنداق چاغلاردا جىما قىلىش ئىنتايىن زىيانلىق.

## 122

دۇنيادا قانچىلىك راھەت بولسا، ئۇنىڭ يېرىمى مۇنچىدا. لېكىن، شۇنداق بولغاندىمۇ مۇنچىغا ھەپتىدە بىر قېتىم چۈشۈش كېرەك. مۇنچىغا كۆپ چۈشكەندە راھەتتى جاپاغا (كېسەلگە) ئايلىنىدۇ. مۇنچىغا كۆپ چۈشكەندە مۇسكۇللار بوشايدۇ، قول، ئاياغ تىترەيدۇ، بۇرۇن كېگىزلىدۇ. شۇنداقلا مۇنچىغا كۈندە كىرىشنى ئادەت قىلسا، ئادەمنىڭ خۇلقى ـ مىجەزى بۇزۇلىدۇ، يامان مىجەزلىك بولىدۇ. جۈملىدىن مۇنچىغا تولا كىرگەن ئادەم لاي (سېغىز) يېيىشكە، ھاراق ئىچىشكە ئادەتلەنگەن ئادەمگە ئوخشاش بولۇپ قالىدۇ. لاي يېيىشنى، ھاراق ئىچىشنى ئادەت قىلغان ئادەم بۇنى قىلماي تۇرالمىغاندەك ئادەتلىنىپ قالىدۇ.

## 123

مۇنچىدا تۇرۇپ سۇ ئىچىش زىيانلىقتۇر، مۇنچىدا تۇرۇپ سۇ ئىچسە ئىستىسقا كېسىلى پەيدا بولىدۇ. مۇنچىغا ئاچ قورساق كىرىشمۇ زىيانلىقتۇر، «قۇلۇنج» (ئۈچەي ـ ئاشقازان كېسىلى)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

پەيدا بولىدۇ. تائام يەپ بولۇپ بىر ـ ئىككى سائەتتىن كېيىن مۈنچىغا كىرگەن ياخشى.

## 124

بەش نەرسە ئادەمنىڭ شەكلىنى ئۆزگەرتىدۇ، بىر شەكىلدىن يەنە بىر شەكىلگە كەلتۈرىدۇ: بىرى، ھەددىدىن ئارتۇق خۇشاللىق؛ ئىككىنچى، ئۇشتۇمتۇت ھالدا يولۇققان قورقۇنچ؛ ئۈچىنچى، ئارتۇقچە قايغۇرۇش، غەزەپ؛ تۆتىنچى، ساراڭلىق؛ بەشىنچى، ئۇخلاش. بۇلار ئادەمنى دەرھال (تېز) ئۆزگەرتكۈچى نەرسىلەردۇر. ئەمما، قېرىلىق ئادەمنىڭ سۈرەت شەكلىنى ئۆزگەرتكۈچى بولسىمۇ، دەرھال ئۆزگەرتمەيدۇ. بۇ نەرسىلەرنىڭ ئاۋۋالقى تۆتى ھاياتقا تەۋە، ئۇيقۇ ئۆلۈمگە تەۋەدۇر.

## 125

راھەت ئۇيقۇ بىلەن بولىدۇ، ئۇخلىمىسا راھەت ھاسىل بولمايدۇ.

## 126

بەدەن بىر ئۆيگە ئوخشايدۇ، بەدەن ئۆيى ئۇيقۇ بىلەن مەشغۇل بولسا، تاشقى ھېسسىي ئەزالار بەدەنگە بىرىكىپ ھەرىكەتسىز بولىدۇ. ئەمما، جانغا تەئەللۇق يەنە بىرقانچە خىزمەتكار بار؛ ئۇلار ئورتاق ھېس، خىيال، پىكىر، خاتىرە كۈچى. بۇلار ئىچكى ھېس دېيىلىدۇ. بەدەن ئۇيقۇ بىلەن

ھەربكەتتىن توختاش سەۋەبلىك بۇ ئىچكى ئورتاق ھېسلاردا ئۆزگىرىش بولمايدۇ. مەسىلەن، ئىچكى ھېستىن بىرى، پىكىر، يەنە بىرى، مۇھاپىزەت (خاتىرە كۆتكۈچى). مەلۇمكى، بۇلارنىڭ پائالىيىتى بەدەنگە تەئەللۇق ئەمەس. ئەگەر بەدەنگە تەئەللۇق بولسا ئىدى، ئۇيقۇ بىلەن پائالىيىتى يوقىلاتتى، چۈش كۆرمەيتتى ۋە كۆرگەن چۈشى خاتىرىدە قالمايتتى. تاشقى ھېسسىي ئەزالار بەدەنگە تەئەللۇق بولمىسا ئىدى، ئويغانغان ئادەم ئويغاق ئادەمگە ئوخشاش بولاتتى ۋە راھەت، ئارام ئېلىشلار ھاسىل بولمايتتى. تەڭرى ھېكمەتسىز نەرسىلەرنى ياراتمىغان. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىلگەندىن كېيىن، كۆندۈزى ئۇخلاشتىن ساقلىنىش لازىم. ئەگەر ئۇيقۇ بەك تەقەززا قىلسا، ئازغىنا يېتىپ ئارام ئېلىپ تۇرۇپ كېتىش لازىم، چۈنكى ئۇخلاش كېچىگە تەئەللۇقتۇر. كىشى كۈندۈزى ئۇخلىسا، كۈندۈزنى كېچە قىلغانغا ئوخشاش بولىدۇ. بۇ، ئىلمىي ھاياتقا، ھېكمەتكە مۇۋاپىق ئەمەستۇر.

## 127

ئادەم ئۆمرىنىڭ كۆپرەكىنى ئويغاقلىقتا ئۆتكۈزۈشى، بەلكى تۈننىڭ مەلۇم مىقدارىنى ئويغاقلىقتا ئۆتكۈزۈشى كېرەك. ئۇيقۇ ئۆلۈمگە ئوخشاشتۇر. ئۆلۈم بىلەن ئۇيقۇنىڭ پەرقى: ئۆلۈك ئۆزى خالىغان كىشىنى يېنىغا كەلتۈرۈپ ياتقۇزۇشقا قادىر ئەمەس. ئەمما، ھايات ئىگىسى (تىرىك) ئادەم سۆيگەن كىشىنى يېنىغا كەلتۈرۈشكە ئىمكانىيەتلىك. مۇمكىن بولسا ئۇيقۇ ۋاقتىدا ئۇلپەتدىشىڭ — ھەمراھىڭ بىر

دىلبەر نازىنىن ۋە ساڭا مېھرىبان، پىداكار گۈل يۈزلۈك بولسۇنكى، ئۇنىڭ بىلەن ئارام ئالساڭ، ئارام راھىتىڭ ساڭا يېڭى روھ بېغىشلايدۇ. بۇ، سېنىڭ گۈل يۈزلۈك ھالال قانۇنىي شەرئى جۈپتۈڭ بولۇشى كېرەك.

## 128

كېچىسى ئارام ئېلىپ ئۇخلىساڭ، قۇياش چىقماستىن بۇرۇن ئويغىنىشنى ئادەت قىل.

## 129

مال - مۈلۈكلەر ھالال - توغرا يولدىن ھاسىل قىلىنىشى لازىم.

## 130

مال - مۈلۈك، بايلىق ھاسىل قىلىمەن دەپ خەتەرلىك ئىشلارغا دۇچار بولما. ھەرقاچان ھالال، توغرا، خەۋپسىز يولدىن ھاسىل قىلغايسەن.

## 131

ھالال، توغرا يولدىن خەۋپسىز يول بىلەن مال - مۈلۈك، بايلىق يىغساڭ، ئۆزۈڭدە قالىدۇ.ئۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن ساۋابلىق ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئىمكانىيەت تاپىسەن. ئەگەر ھارامدىن بايلىق ھاسىل قىلساڭ ئاقىۋەت بۇ مال - مۈلۈك، بايلىقلار قولدىن كېتىدۇ ۋە ئۇنىڭ ۋابالى (جازاسى)

ساقا قالىدۇ. ھالال يول بىلەن ھاسىل قىلغان مال ـ مۈلۈكنى ساقلاپ، توغرا يولدا سەرپ ئەتكىن، ئورۇنسىز سەرپ قىلما، ئىسراپ قىلىپ يوقىتىۋەتمە. ئەخمەقلەرنىڭ يولىغا ماڭما، چۈنكى مال ـ مۈلۈكنى ساقلاش ئۇنى توپلاشتىن مۈشكۈل.

## 132

ئەگەر خىراجىتىڭنى ئىرادەڭدىن كۆپەيتىۋەتسەڭ، ھەرقانچە كۆپ خەزىنە بولسىمۇ يەتمەيدۇ.

## 133

مال ـ مۈلكۈڭ كۆپ بولغان تەقدىردە كەمبەغەلچىلىكنى ئۇنتۇما.

## 134

خىراجىتىنى ھېسابلاپ ئىشلەتكەن ئاز ئاقچىسى بار ئادەم خىراجىتىنى بىلمەي، ھېسابلىماي سەرپ قىلغان بايدىن ئارتۇق. خىراجىتىنى بىلىپ، ھېسابلاپ قىلغان ئادەمنىڭ ھەرقاچان ئازدۇر ـ كۆپتۇر مۈلكى بولىدۇ. ھېسابلىماي خىراجەت قىلغان كىشى تېز موھتاجلىققا دۇچار بولىدۇ.

## 135

ئاز نەرسىنى ساقلىيالمىغان كىشى كۆپ نەرسىنى

ساقلىيالمايدۇ.

## 136

ھۇرۇنلۇق، ئاجىزلىق ۋە ئىشقا خۇشياقماسلىق قاتتىق نومۇستۇر، ئۇ بەختسىزلىكنىڭ ئالامىتىدۇر.

## 137

جاپاسى كۆپ ئىشنىڭ پايدىسىمۇ كۆپ بولىدۇ. مۇشەققىتى ئاز بولغان ئىشنىڭ پايدىسىمۇ ئاز بولىدۇ. مۇشەققەت چېكىپ، غەيرەت قىلىپ بىر نەرسە ھاسىل قىلساڭ، توغرا يولغا سەرپ قىل، مۇشەققەتلىرىڭ زايە بولمىسۇن، قەدىرلىك نەرسىڭنى قەدىرلىك ئادىمىڭ سورىسا ئايىما ۋە قىزغانما، چۈنكى ھەرقانداق قەدىرلىك نەرسەڭ بولسا، ئۆزۈڭ بىلەن بىر قەبرىگە بارمايدۇ.

## 138

خەلق بۇيرۇغان ياخشى ئىشقا قارشىلىق كۆرسەتمە، ئالەمدە نامىڭ ياخشىلىق بىلەن مەشھۇر بولىدۇ. ياخشى ئىش قىلمىغان ئادەمنىڭ خەلق ئارىسىدا ھۆرمىتى بولمايدۇ. قانائەتچان بولغان، خەلققە يۈك بولمىغان، يەنى خەلققە ئېھتىياجىنى چۈشۈرمىگەن ئادەم خەلق ئارىسىدا ئەتىۋارلىق بولىدۇ، سۆزى ھەممىگە مەقبۇل بولىدۇ، ھەرقانچە باي بولسىمۇ قانائەتسىز كىشىنىڭ ئەتىۋارى بولمايدۇ، ئەمەلىيەتتە مۇنداق ئادەم گاداي ھېسابلىنىدۇ، سۆزى مەقبۇل بولمايدۇ.



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

## 139

بايلارنىڭ زىننىتى يېزىدىكى يوقسۇللارغا خەير ـ ئېھسان، مەدەتكارلىق قىلىشتۇر.

## 140

كەمبەغەلچىلىكنىڭ بىر سەۋەبى ئىسراپچىلىق. بۇ ئاپەتتۇر، كىشى ئۆزىگە لازىم ۋە زۆرۈر بولغان ئورۇنغا سەرپ قىلسا، بۇ ئىسراپ بولمايدۇ. بىھۇدە ۋە شەرىئەتكە خىلاپ ئورۇنغا سەرپ قىلسا، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە زىيانكار بولىدۇ. ئىسراپچىلىق ئىقتىسادىي نەرسىلەردىلا ئەمەس، بەلكى سۆزدە، يۈرۈش ـ تۇرۇشتا، يېمەك ـ ئىچمەكتە، ئۆي ئىشلىرىدا، كىيىم ـ كېچەك ۋە ۋاقىتتا بولىدۇ. ھەممە ئىشتا مۆتىدىل (نورمال) بولۇش كېرەك.

## 141

مېھنەت ـ جاپاسىز راھەت بولمايدۇ. بۇ نەرسىلەر بىر ـ بىرىگە تايىنىدۇ. بىراۋغا راھەت بولغان نەرسە ئىككىنچى بىراۋغا مېھنەت بولۇپ دۇچ كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە، بىر كىشىگە دۇنيا جەھەتتىن مۇشەققەت ۋە جاپا كەلسە، كېيىن بايلىق راھىتىنى كۆرىدۇ. ئەمما، مېھنەت ـ مۇشەققەت تارتماي راھەتكە ئېرىشسە، يوقسۇللۇق مېھنىتىنى تارتىدۇ. بۇگۈنكى مېھنەت ــ ئەتىنىڭ راھىتىدۇر. بۇگۈنكى راھەت ئەتە مېھنەتكە ئايلىنىدۇ. دۇنيا ۋە ئاخىرەت ئەھۋالىنىمۇ

شۇنىڭغا قىياس قىلىش كېرەك.

## 142

ھەي ئوغۇل، قەرز ئېلىشقا ھەۋەس قىلما، ئۇسۇم بىلەن قەرزدار بولما.بۇ ئىشلار ئادەمنى خارلىققا ئېلىپ بارىدۇ. ھۆرمەتسىز قىلىپ قويىدۇ. چۈنكى، كىمگە قەرزدار بولساڭ، ئۇنىڭغا قۇل بولىسەن ۋە ئۆز - ئۆزۈڭگە زۇلۇم قىلغان بولىسەن. شۇنداقلا كىشىگە قەرز پۇل بەرمە، بولۇپمۇ دوستۇڭغا قەرز پۇل بەرمە. چۈنكى، دوستۇڭ ئۆزىنى بىلىپ ۋاقتىدا بەرمىسە،تەكرار سوراش كېرەك بولىدۇ، سورىساڭ رەنجىيدۇ، دوستلۇق بۇزۇلىدۇ. ئەگەر دوستۇڭغا قەرز بەرسەڭ ئۆزۈمنىڭ دەپ بىلمە، ئۆزى بەرسە سەرپ قىل، بەرمىسە سوراپ ئېلىپ دوستلۇققا نۇقسان يەتكۈزمە.

## 143

قولۇڭدىن كەلگەن ياخشىلىقنى ياخشىلىق قىلىشقا سازاۋەر ئادەملەردىن ئايىما.

## 144

ئامانەتنى ساقلىماق بىر بالايىئاپەتتۇر. بۇ ئىش ئۈچ ھالدىن خالىي بولمايدۇ؛ بىرى، ئامانەتنى ئۆز مال - مۈلكۈڭدىن ئارتۇق كۆرۈپ ساقلاش ئۈچۈن جەبىر - جاپا چېكىسەن ۋە ئىگىسى تەلەپ قىلغاندا تاپشۇرۇپ بېرىش مەجبۇرىيىتىنى ئۆتەيسەن. يەنە بىرى، نىيەت (ئىدىيەڭ)

بۇزۇلسا، خام تەمەگەرلىك قىلىپ ئامانەتنى ئىنكار قىلىسەن ياكى ئامانەت بىرەر سەۋەب بىلەن زايە بولسا، جاۋابكارلىق ۋە ئۇياتقا قالىسەن.

## 145

كىشىلەرنىڭ ئۆز پايدىسىنى كۆزتىشى ئەيىبلىك ئەمەس.

## 146

ھەر نەرسە ئالساڭ پايدىلىقمۇ، زىيانلىقمۇ، ئۆز سەرمايەڭگە قاراپ بەلگىلە، يەنى ئاز نەرسىدىن كۆپ پايدىنى ئۈمىد قىلما. ئاز پايدىغا رازى بولمىغان ئادەم كۆپ زىيانغا ئۇچرايدۇ.

## 147

كۆپ پايدا ئېلىشنى ئۈمىد قىلغان نەرسىدىن زىيان تارتمايمەن دېسەڭ، ھەسەتخور ـ كۈنداش بولما، تەمەخورلۇق قىلما. ھەر ئىشتا سەۋر قىل، ئالدىرىما، سەۋر ـــ ئىككىنچى ئەقىلدۇر.

## 148

ئالدىراش، ئۆزىنى تاشلىۋېتىش بىلەن يامان ئىش ياخشىلىققا ئۆزگەرمەيدۇ.

## 149

قوشنىلارغا ھۆرمەت قىلىش ـــ قوشنىلارنىڭ ھەققىدۇر.

## 150

يامان سۆز سۆزلىسە، يامان سۆز ئاڭلايدۇ. خەلق ئىچىدە ئۇنىڭ غەيۋىتى سۆزلىنىدۇ.

## 151

خوتۇن ئېلىشتا خوتۇننىڭ مال ـ مۈلكىدىن، پۇلىدىن بىر نەرسە ئېلىشنى ئىزدىمە ۋە خوتۇننىڭ تولىمۇ گۈزەللىكىنى ئىزدىمە.

## 152

ئالغان خوتۇنۇڭ شۇنداق بولسۇنكى، يارىماس ئادەملەردىن يۈزى پاك ۋە دىنى پاك بولسۇن، قۇرامى ئوتتۇرا ياشلىق ۋە خوتۇنلۇقتا، ئۆي تۇتۇشقا لايىقتى بولسۇن. ئۆي ئىشلىرىنى بىلىدىغان، ئۆزىنىڭ ھالال يولدىشىنى بىلگۈچى، ھايالىق، نومۇسلۇق، ئۆزىنى ھارامدىن ساقلىغۇچى بولسۇن. بۇ سۈپەتكە لايىق بولغان خوتۇن يامان ئىشلاردىن ئۆزىنى ساقلىغۇچى بولىدۇ. يەنە، ئۆز مەرتىۋەڭدىن يۇقىرى، ئۆزۈڭدىن گىروي خوتۇننى ئالما، تاكى خوتۇنۇڭ ئالدىدا تۆۋەن ئورۇندا بولمىغايسەن.

## 153

ئەگەر مۇمكىن بولسا، قىز ئېلىش ئەۋزەل، ئەردىن قالغان تۇل خوتۇننى ئالما. چۈنكى قىزنىڭ كۆڭلىدە سېنىڭ

مۇھەببىتىڭدىن باشقا ئەرنىڭ مۇھەببىتى بولمايدۇ، باشقىلارنىمۇ ساڭا ئوخشاش دەپ بىلىدۇ، باشقىلارنى تەمە قىلمايدۇ.

## 154

ئەر كەسىپ قىلىپ تاپقان نەرسىلەر يەرگە سۇ يىغىلىپ كۆل بولغاندەك خوتۇن قولىغا يىغىلىدۇ. لېكىن، خوتۇن سېنى باشقۇرۇپ، سېنىڭ رىزىق ـ ئوزۇق ۋە تەسەررۇپلىرىڭنى قولىغا ئېلىۋالمىسۇن، توسالغۇ بولمىسۇن. ئەگەر خوتۇن سېنىڭ ئىگىلىكىڭنى ئېلىۋېلىپ، سېنى ئىگە قىلمىسا ۋە ئۆز مال ـ مۈلكۈڭگە سۆزۈڭ ئۆتمىسە، خوتۇنۇڭنىڭ قولىغا قاراپ قالساڭ، بۇ ئەرلىك ئورنۇڭنى يوقاتقىنىڭدۇر. سەن خوتۇن بولىسەن، خوتۇنۇڭ ئەر بولىدۇ. بۇ ھال ساڭا بۇ دۇنيادا، خوتۇنغا ئۇ دۇنيادا خارلىق كەلتۈرىدۇ.

## 155

كىشى ئۆزىنىڭ خوتۇنىدىن مەغلۇپ بولسا، بۇ غەيرەتسىزلىكتۇر.

## 156

ئالغان قىز — خوتۇنۇڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ، مەكتەپنىڭ توغرا تەربىيىسىنى ئالغان، ئۇي تۇتۇش تەدبىرلىرىنى ئۆگەنگەن بولسۇن. مۇنداق قىز — خوتۇن قولۇڭغا كىرەر بولسا، ئۇنى ئېلىشتا بىپەرۋالىق قىلما، ھېچ ۋاقىت خوتۇنۇڭغا

يامانلىق قىلما. خوتۇنۇڭ ۋە ئائىلە ـ تاۋابىئاتىڭنى خۇش تۇتۇشۇڭ كېرەك. خوتۇنۇڭمۇ سېنى ئاتا ـ ئانىسى ئورنىدا كۆرۈپ مۇھەببەت باغلىسۇن. ساڭا ئىززەت ۋە ھۆرمەت قىلسۇن. ساڭا ئۇنىڭدىن ياخشى دوست بولمايدۇ. ئەگەر خوتۇنۇڭغا قاتتىقلىق ۋە ئەخلاقسىزلىق قىلساڭ، ساڭا ئۇنىڭدىن ئارتۇق دۈشمەن بولمايدۇ. يات دۈشمەندىن ساقلىنىش مۇمكىن، ئەمما خوتۇنۇڭ بىلەن ئوتتۇراڭدا دۈشمەنلىك بولسا ساقلىنىش مۇشكۈل.

## 157

ھەي ئوغۇل، ئەگەر قىز ئالساڭ غايەت مۇشتاق بولۇپ، ھەر كېچىسى جىما قىلما، خوتۇنۇڭ «ئەرلەرنىڭ ئادىتى ھەر كېچىسى جىما قىلىش ئىكەن» دەپ، بۇنىڭغا ئادەتلىنىپ قالمىسۇن. مۇبادا ساڭا بىر زۆرۈرىيەت كېلىپ قالسا ياكى سەپەرگە كەتسەڭ، سەن قايتىپ كەلگۈچە ھەر كېچىسى جىماغا ئادەتلەنگەن خوتۇن ئۈچۈن يالغۇزلۇق ئېغىر كېلىدۇ. يەنى، ئادىتى بويىچە ھەر كېچىسى جىما قىلدۇرۇشنى ئىزدەيدۇ.

## 158

پەرزەنتىڭنىڭ ئاتىسى ئۈستىدىكى ھەقلىرىدىن بىرى، پەرزەنتىڭگە گۈزەل، ياخشى مەنىلىك ئىسىم قويۇشتۇر.

## 159

باللار بوش قويۇۋېتىلسە ئىلىم ـ ھۈنەر ئۆگىنەلمەيدۇ.

## 160

ھەر كىشىگە ئاتا ـ ئانىسى ئەدەپ ـ تەربىيە ئۆگەتمىسە، زامان ئۇنىڭغا تۇرلۇك جەبىر ـ جاپالار ئارقىلىق تەربىيە بېرىدۇ.

## 161

پەرزەنتلەرنى تەربىيلەش — ئاتا ـ ئانىلىق مەجبۇرىيەتتۇر.

## 162

ئىلىم ـ ھۈنەرنىڭ مېۋىسى مەڭگۈلۈكتۇر.

## 163

ئەگەر قىز بالاڭ بولسا، ئالدى بىلەن ئۇنى ئىپپەتلىك، ئوقۇمۇشلۇق بىر تەربىيىچىگە تاپشۇر، ئاندىن بىر مۇئەللىمگە ئوقۇشقا بەر، زۆرۈرىي ئىلىملەرنى ئۆگەنسۇن. ياخشى ـ ياماننى پەرق ئەتسۇن، ھەق ـ ناھەقنى بىلىۋالسۇن.

## 164

قىز بالا ئاتا ـ ئانىنىڭ ئالدىدا ئەسىرگە ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىغا يۈزلىنىشتىن باشقا چارىسى يوق. ئەمما، ئوغۇل بالا ئاتا ـ ئانىسىدىن شەپقەت كۆرمىسىمۇ، بىر ئامال قىلىپ

كۆن كەچۈردۇ.

## 165

قىزنىڭغا ياخشى لايىق تېپىلغاندا تويلۇق ئۈچۈن كۆپ مال تەلەپ قىلما. قىزنى مالغا ساتقانلاردىن بولما! قىزنىڭنى ئەرنىڭ ئادەمگەرچىلىكى، مۇرۇۋۋىتى، شەپقىتىگە تاپشۇر.

## 166

ئەقىل ئىگىلىرى ئۆزىگە دوست تېپىشقا تىرىشىدۇ، ھەرخىل ئادەملەر بىلەن دوست بولۇشتىن قاچمايدۇ. دوستسىزلىق قېرىنداشسىزلىقتىن ياخشىراق.

## 167

دوستلىرىغا رىئايە قىلمىغان كىشى دوستسىز قالىدۇ. كىشىنىڭ دوستلىرى كۆپ بولسا ئەيىبلىرى يېپىلىدۇ، ياخشىلىقلىرى ئاشكارا بولىدۇ.

## 168

ياخشى دوست — ئۇلۇغ خەزىنىدۇر.

## 169

دوستلىرىڭنىڭ دوستلىرىمۇ ساڭا دوستتۇر. ئەمما، دۈشمىنىڭگە دوست بولغان دوستتىن ساقلىنىشىڭ كېرەك، ئۇنىڭغا سىرىڭنى بىلدۈرمە. ئۇنىڭ دۈشمىنىڭ بىلەن بولغان

دوستلۇقى ساپ بولغان دوستلۇقىدىن ئارتۇقراق بولۇشى ۋە ساپ خائىنلىق قىلىشى ئېھتىمالغا يېقىن.

## 170

ياخشى دوستىنىڭ ئالامىتى شۇكى، دوستىدىن بىرنەرسىنى ئايىمايدۇ. دوستىنىڭ قولى قىسقا بولۇپ ئۇنىڭدىن ياخشىلىق كۆرمىسىمۇ يۈز ئۆرۈمەيدۇ. دوستى ۋاپات بولغاندا، دوستىنىڭ ئەۋلادىغا، تۇغقانلىرىغا ياخشىلىق قىلىدۇ.

## 171

مىڭ دوستۇڭ بولسىمۇ، ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ سۆيگەندىن ئارتۇق سۆيمەيدۇ.

## 172

راھەت - پاراغەت ۋە مېھنەت، يوقسۇللۇق ۋاقىتلىرىدا دوستلۇقنى بۇزمىغان دوست — دوستتۇر.

## 173

گىنە (ئۆچ) - ئاداۋەت تۇتىدىغان ئادەم بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋەتتە بولما. چۈنكى، بىر ئادەمنىڭ كۆڭلى گىنە - ئاداۋەت بىلەن تولسا، ئۇنىڭ كۆڭلىدە دوستلۇق مۇھەببىتىگە ئورۇن ئالمايدۇ.مۇھەببەت، دوستلۇق بىر نۇردۇر. گىنە - ئاداۋەت بىر قاراڭغۇ زۇلمەتتۇر.بۇ ئىككىسى بىر يەردە ئورۇن

تۇتمايدۇ.

## 174

دۈشمەن كۆزىگە ئۆزۈڭنى قانچە چوڭ كۆرسىتىشكە بولسا، شۇنچە چوڭ - ئۇلۇغ كۆرسەت، ھەرقانچە ئاجىز بولساڭمۇ ئۆزۈڭنى ئاجىز كۆرسەتمە.

## 175

دۈشمەننىڭ مەسلىھەت سۆزلىرىنى ئاڭلاپ قوي، ئەمما قوبۇل قىلما.

## 176

بىر ئاجىز، خور كىشىدىن يېڭىلىش — غايەت خورلۇقتۇر.

## 177

دۈشمىنىڭ بولماستىن ئىلگىرى ئۇنىڭدىن مۇداپىئە كۆرۈش جەھەتلىرىنى ئويلاپ كۆرۈشۈڭ لازىم.

## 178

ھېچقاچان دۈشمەندىن، بولۇپمۇ ئۆز يېنىڭدىكى دۈشمەندىن خاتىرجەم بولما. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، يات - ئەجنەبىي دۈشمەن سېنىڭ ئىچكى ئەھۋالىڭدىن ۋاقىپ بولالمايدۇ. ئەمما، ئۆز يېرىڭدىكى دۈشمەن ھەممە ھالىڭنى

بىلىپ تۇردۇ.

## 179

ئەگەر بىر دۈشمىنىڭ باش ئېگىپ سەندىن ئامانلىق ئىزدىسە، ئۇ ساڭا ھەرقانچە جاپا قىلغان بولسىمۇ ئۇنىڭغا ئامانلىق بەرگىن. دۈشمەنىنىڭ سەندىن ئامانلىق ئىزدىگىنىنى غەنىيمەت بىلگىن، چۈنكى ئامانلىق تىلىگەن كىشى مەغلۇپ بولغان بىلەن تەڭ.

## 180

تۈزەلمەس يامانلارغا ياخشىلىق قىلىش — ياخشىلىقنى زايە قىلىشتۇر.

## 181

تاتلىق سۆز — سېھىردۇر. ياخشى سۆز ئادەمنى باش ئەگدۈرىدۇ.

## 182

سەن ئۆزۈڭ ئاڭلاشنى خالىمىغان سۆزنى كىشىگە سۆزلىمە.

## 183

بىر كىشىنى كۆپ ھاقارەتلىمە، يەنە بىر چاغدا

مەدھىيىلەشكە ئورۇن قالمايدۇ.

## 184

ئۇن خىسلەتنى ئۆزلەشتۈرۈش لازىم: بىرى، ئۆزۈڭدىن چوڭ، بۈيۈك ئادەملەر بىلەن ئويناشما؛ ئىككىنچى، خىزمەتكارلارغا زۇلۇم قىلما؛ ئۈچىنچى، ھەسەتخور، كۆزى كىچىك، كۆڭلى تار، چىدىماس ئادەم بىلەن سۆھبەتداش بولما؛ تۆتىنچى، بېخىل بىلەن سۆھبەتداش بولما؛ بەشىنچى، نادان - جاھىللار بىلەن مۇنازىرىلەشمە؛ ئالتىنچى، تۇراقسىز كىشى بىلەن دوست بولما؛ يەتتىنچى، يالغانچى بىلەن مۇئامىلە قىلما؛ سەككىزىنچى، ئۇرۇشقاق - جېدەلخورلار بىلەن ئۈلپەت بولما؛ توققۇزىنچى، ئايالLAR سۆھبىتىدە كۆپ ئولتۇرما؛ ئونىنچى، سىرىڭنى كىشىگە ئېيتما. ئەيىب ئىزدىگۈچىدىن قاچقىن، ساڭا ھاجىتى چۈشكەن كىشىنى خار كۆرمە.

## 185

ساڭا ئىتائەت قىلغان ئەڭ تۆۋەن خىزمەتكارىڭ ساڭا ئىتائەت قىلمىغان ئەلا خادىمىڭدىن ئارتۇقتۇر.

## 186

ھاجەت سوراشتا ياخشى سۆزنىڭ ياردىمى كۆپ بولىدۇ.

## 187

ئەگەر بېخىل ئادەمدىن ھاجەت سورىساڭ، ئۇنىڭ مەست -

كەيىپ ۋاقتىدا سورىغىن، چۈنكى مەست ئادەم مەرد بولىدۇ.

## 188

ھەر ئىشنىڭ مەقسىتى ئىككى ھالدىن خالىي ئەمەس: بىرى، تۇرمۇش مەئىشىتىنىڭ ئۈچۈن سېنى جەمئىيەت بىر ھۈنەرگە موھتاج قىلىدۇ. ئۇ چاغدا شۇ ھۈنەرنى ئۆگىنىپ سىرلىرىدىن خەۋەردار بولۇشۇڭ كېرەك. يەنە بىرى، ھۈنەرگە موھتاج بولماي ئۇلۇغ ـ مەرتىۋىلىك بولۇشۇڭ مۇمكىن. شۇنداقتىمۇ ئۇلۇغ ـ مەرتىۋىلىك كىشىلەرگە لازىمكى، ھەر ئىشنىڭ ئەسلىي ماھىيىتىدىن خەۋەردار بولۇشى زۆرۈر. ئەنە شۇنىڭ ئۆزىمۇ بىر ھۈنەر.

## 189

ھەرقاچان ئىلىم ھاسىل قىلىشقا ئېرىشسەڭ، باشقا ھۈنەرلەرگە ئېھتىياجىڭ چۈشمەيدۇ.

## 190

ئىلىم تەلەپ قىلىش ۋاقىتلىرىڭدا ئىلىم ئەھلىدىن بۆلەك نادان ئادەملەر بىلەن ۋە بىھۇدە ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولما.بۇنداق ئۇسلۇبقا رىئايە قىلغان ئىلىم تەلەپ قىلغۇچى ئەلۋەتتە ئازغىنا زاماندا ئالىملار جۈملىسىدىن بولىدۇ.

## 191

ئىلىم تەلەپ قىلىپ يۈرگەن (ئىلىم تەھسىل

قىلىۋاتقان) چاغلىرىڭدا يامان ئىشلاردىن يىراق بولۇپ ئۆزۈڭنى پاك ساقلا.

192

سۆزۈڭ ھەرقانچە ياخشى بولسىمۇ، ياخشى ئىبارە بىلەن ئادا قىلمىساڭ، سۆزۈڭنىڭ مەززىسى بولمايدۇ.

193

تىجارەت قىلىش — ئۆز دائىرىسىدە بىر ھۈنەر ھېسابلىنىدۇ. ئەمما، ھالال تىجارەت قىلىش مۈشكۈل ئىشتۇر.

194

سودىگەرلىك بىلەن جاھان كېزىپ يۈرۈش ۋە تۈرلۈك خەتەرلەرگە ئۆزىنى ئاتاپ قويۇش ئەقىل كۆزى ئېتىلگەنلەرنىڭ ئىشىدۇر. سودىگەرچىلىك ھەرقاچان ئىككى ھالدىن خالىي بولمايدۇ؛ بىرى، سودا مۇئامىلىسى قىلىش، پايدا ئېلىش؛ يەنە بىرى، يۇرتتىن - يۇرتقا يۈرۈپ مۇساپىر بولۇش.

195

تىجارەت قىلىشنىڭ بىر يولى خەتەرسىز، يەنە بىر يولى خەتەرلىكتۇر. خەتەرلىك سودىگەر شۇكى، ۋىلايەتتىن ۋىلايەتكە، مەملىكەتتىن مەملىكەتكە بېرىپ، تاغ - دەريا - دېڭىزلارنى بېسىپ - كېزىپ يۈرۈشتۇر. خەتەرسىز بولغىنى ئۆز يۇرت -

شەھىرىدە، مەملىكىتىدە تۇرۇپ مۇئامىلە قىلىشتۇر. لېكىن ئۆز يۇرتىدا تۇرۇپ تىجارەت قىلىشتىمۇ ئەرزان ۋە ناچار ئۆتمەس مالنى ئېلىپ، ئۇستۇن باھا كۇتۇپ تۇرۇشنىڭ ئۆزى خەتەرلىكتۇر. لېكىن، بۇ مالغا زىيان بولسىمۇ، جانغا خەتەرلىك ئەمەستۇر.

## 196

سودىگەرچىلىكتە ئىسراپچىلىق — زاۋال تېپىشتۇر.

## 197

ئەگەر تىجارەت ئۈچۈن سەپەر قىلىپ باشقا يەرلەرگە بارساڭ، قورقۇنچلۇق يامان خەۋەرلەرنى سۆزلىمە، ياخشى خەۋەرلەرنى سۆزلە.

## 198

ئەگەر سۆھبەتلەشمەكچى بولساڭ، ئۈچ تۈرلۈك ئادەمنى تاللا؛ بىرىنچى مەرد ئادەملەر بىلەن سۆھبەتداش بول. ئىككىنچى، مۇرۇۋۋەتلىك، بۈيۈك ئادەملەر بىلەن سۆھبەتداش بول. ئۇلار سېنىڭ موھتاجلىق ۋاقتىڭدا ياردەم كۆرسىتىدۇ. ئۈچىنچى، كۆپنى كۆرگەن، يول بىلگەنلەر بىلەن سۆھبەتداش بول. ئۇلارنىڭ ياردىمى بىلەن يول خەتەرلىرىدىن خاتىرجەم بولىسەن.

## 199

تىجارەتنىڭ زور سەرمايىسى — توغرا، راست سۆزلۈك ۋە

توغرا ئىش قىلىشتۇر.

## 200

ئەگەر زوْرۇر كېلىپ ۋەدە بىلەن نېسى مال ئالساڭ ـ ساتساڭ، ئۈچ تۈرلۈك ئادەملەر بىلەن مۇئامىلە قىلما: بىرىنچى، ئاز سەرمايىلىق ئادەم بىلەن؛ ئىككىنچى، تىجارەتكە يېڭى كىرىشكەن ئادەم بىلەن؛ ئۈچىنچى دانىشمەن ـ دانا ئالىملار بىلەن ھەمدە قازى، مۇپتىلار ۋە بۈيۈك ئادەملەر بىلەن. بۇ خىل ئادەملەر بىلەن سودا ـ مۇئامىلە قىلىشسا پۇشايماندىن باشقا نەتىجە كۆرۈلمەيدۇ.

## 201

قۇرۇقلۇق سەپىرىدە ئاقچاڭ يېرىم ئاقچا پايدا كەلتۈرسە، دەريا ـ دېڭىز سەپىرىدە ئون ئاقچا پايدا قىلسىمۇ، دەريا ـ دېڭىز سەپىرىگە ماڭما. دەريا ـ دېڭىز سەپىرى خەتەرلىكتۇر. قۇرۇقلۇق سەپىرىدە بىرەر ھادىسىگە دۇچ كېلىپ پۇل ـ مېلىڭغا زىيان يەتسىمۇ جېنىڭ سالامەت قالىدۇ. دەريا ـ دېڭىز سەپىرىدە ھادىسە يۈز بەرسە، مال ـ مۈلكۈڭ ھالاك بولۇپلا قالماي، جېنىڭمۇ كېتىدۇ.

## 202

ئۆز پايدىسىنى كۆزلەپ باشقىلارغا زىيان سېلىش ــــ ئىنسانىيەتچىلىك ۋە ئىنساپ ئەمەس.

203

ياخشى يولداش تاپماي تۇرۇپ يولغا چىقما.

204

ئەگەر ئادەمنىڭ ئەقلى يوقالسا، بەدەن ئۆز ھالىتىدە تۇرالمايدۇ، يىقىلىدۇ.

205

ئەگەر شائىر بولۇپ شېئىر ئېيتىشنى مەقسەت قىلساڭ، شېئىردا ئىشلەتكەن سۆزۈڭ روشەن بولسۇن، ئۆزۈڭ بىلسەڭمۇ باشقىلار بىلمەيدىغان يوشۇرۇن - مەۋھۇم سۆزلەرنى ئىشلىتىشتىن ساقلان.

206

شائىر ھېچقاچان شېئىرنى ئۆزى ئۈچۈن سۆزلىمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن شېئىرنىڭ مەنىسى روشەن، ئېنىق بولۇشى كېرەك.

207

نەسر پۇقرا ئورنىدا بولسا، شېئىر پادىشاھ مەرتىۋىسىدەدۇر.

208

ھەرقانداق كۆپتىكى سۇ تامامەن ساپ بولمايدۇ، ئادەمدە

www.uyghurkitap.com

ئەيىب - نۇقسان بولىدۇ. ئەگەر سەن بىراۋنى ئەيىبلەپ ھەجۋىي قىلساڭ، يەنە بىر غەيرەتلىك كىشى چىقىپ سېنى يەرگە ئۇرۇپ ئىنتىقام ئالىدۇ.

## 209

باشقىلارنىڭ سۆزىدىن سۆز، مەزمۇن ئالماي ئادەتلەنسەڭ، تەبىئىتىڭ كۈشادە، زېھنىڭ ئۈستۈن بولىدۇ، سۆز مەيدانى ساڭا كەڭ بولىدۇ.

## 210

ئەگەر بىر تىلنىڭ مەنىسىنى ئېنىق بىلمەي تۇرۇپ ئۆزۈڭچە بىر نېمىگە بېغىشلاپ ئىشلەتسەڭ، ئۇنىڭ مەنىسى باشقا بولسا، خەلق ۋە ئەدىب، شائىرلار ئىچىدە سېنىڭ ئورۇن ۋە قەدىر - قىممىتىڭ قالمايدۇ.

## 211

مۇزىكىچى ۋە ناخشىچىلار گەرچە ئەر بولسىمۇ، ئەمما بارلىق ھەرىكەتلىرى «زەنانە» (ئاياللارچە سىلىق - مۇلايىم) بولۇشى كېرەك.

## 212

مۇزىكىچى، ناخشىچى بىر سۆھبەت (ئولتۇرۇش) كە كىرسە، بىر ئېغىر ئاھاڭ ئېيتىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن يېنىك ئاھاڭنى ئورۇنلاش لازىم. ئۇنىڭدىن كېيىن ئوتتۇراھال بىر كۈينى

ئورۇنلاش لازىم. مۇنداق ئوينالسا، قىرىلار، ياشلار قەھرىمان بولىدۇ. ئەمما، بۇ ئاھاڭلاردىن باللار ۋە ياش قىزلار لەززەتلىنەلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ تەبىئىتى تۆۋەن، پەمى ئاجىزدۇر. ياش باللار ۋە ياش قىزلار ئۈچۈن ئۇستازلار يېنىك كۈي، ئاستا ئاۋازلىق كۈيلەرنى ئىجاد قىلغان.

## 213

ئەگەر دىققەت قىلماي ياكى قولى بىر تەرەپتە، ئاغزى بىر تەرەپتە ساز چېلىپ — ناخشا ئېيتىلسا، سازەندە ۋە ناخشىچى ئۈچۈن بۇنىڭدىن ئارتۇق ئەيىب بولمايدۇ.

## 214

مۇزىكانت، ناخشىچى مەجلىس ـ ئولتۇرۇشلاردا بولغاندا، ھاراق ـ شاراب ئىچمەسلىكى لازىم. چۈنكى، ئۇنىڭ مەجلىس، سۆھبەت ئولتۇرۇشلارغا تەكلىپ قىلىنىشى ئۆز ھۆرمىتىنى ساقلاپ، مەجلىس ئەھلىنى خۇشال قىلىپ، خەلق ئارىسىدا نام ـ ئابروي قازىنىشقا سەۋەبتۇر، ھاراق ـ شاراب ئىچىشكە چاقىرىلغان ئەمەس.

## 215

جاۋانىمەرتلىك دېگەن نېمە؟ئادەمدە ئۈچ سۈپەت بولىدۇ، جاۋانىمەرتلىك شۇ سۈپەتلەردىن تۇغۇلىدۇ. بارلىق خەلق شۇ سۈپەتلەر بىلەن ئېپتىخارلىنىدۇ، ماختىنىدۇ. ھەربىر ئادەمدە بۇ ئۈچ سۈپەت بولسىمۇ، ئۇنى ئىجرا قىلغۇچىلار ئاز تېپىلىدۇ.

بۇ سۈپەتلەر: بىرىنچى، ئەقىل ۋە ئەمەلىيەت؛ ئىككىنچى، توغرىلىق ۋە راستلىق؛ ئۈچىنچى، مۇرۇۋۋەتلىك. بۇ ئۈچ سۈپەتنىڭ سەرمايىسى ۋە ئۆلۈغى ئەقىلدۇر. ھەممە ئادەم بۇ ئۈچ سۈپەت مەندە بار، دەپ دەۋا قىلىدۇ.ئەمما، ھەقىقەت نەزىرى بىلەن قارىساڭ، ئەمەلىيەتتە بۇ ئۈچ سۈپەت ھەر كىمدە ئۆز ھالىغا يارىشا بولىسىمۇ، لېكىن بەزىسى ئۇنى پۈتۈن ئىجرا قىلىشقا قادىر، بەزىسى پۈتۈن ئىجرا قىلىشقا قادىر ئەمەس، ئۇنىڭغا خىلاپ ھەرىكەتتە بولىدۇ.

## 216

ھەي ئوغۇل، جاۋانىمەرتلىكنىڭ ئەسلى ئۈچ نەرسە: بىرى، سېخىيلىق. يەنى بىر ئىشقا كىرىشسەڭ ئۇنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشىڭ لازىم، بىر سۆزنى سۆزلىسەڭ ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرغايسەن. يەنە بىرى، ساداقەت، توغرۇلۇقتۇر. ھەرقانداق شارائىتتا توغرا، راست سۆزدىن بۆلەك (يالغان) سۆزلىمىگەيسەن. يەنە بىرى، ھەر ئىشتا سەۋرچان، بەرداشلىق، ئېغىرچىلىقنى كۆتۈرگۈچى بولۇشنى ئادەت قىلغايسەن. ھەرقانداق سۈپەت سېنىڭ قەلبىڭگە تەئەللۇق بولغان بۇ ئۈچ سۈپەتتىن كەلگەن.

## 217

ئىسراپخور ئەگەر مىڭ ئاقچىنى ئورۇنسىز يەرگە بەرسە، ھامان ئىسراپخور بولىدۇ.

## 218

ئورۇنسىز يەرگە ئاقچا بېرىش روزا تۇتقان ئادەمگە سۇ بەرگەنگە ئوخشاشتۇر.

ئۆزىدە سېخىيلىق، ئىلىم، ساداقەت سۈپەتلىرىنىڭ خىسلەتلىرى تېپىلغان ئادەم جاۋانىمەرت دەپ ئاتىلىدۇ.